2019 ئاۋغۇست-سېنتەبىر

ئومۇمىي 1-سان

# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



يۈز يىللىق مارافون

1

ئۇيغۇرلاردا

مىللىي روھ

38

نازىگۇم

52





ئاۋغۇست -سېنتەبىر 2019 ئومۇمىي 1-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## تارىخ ۋە بىز

ستالىن بىلەن سۇڭ زىۋېن ئارىسىدىكى
كۆرۈشۈش خاتىرىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا
ئالاقىدار قىسمى 50

ئامېرىكا مۇستەقىللىق
خىتابنامىسى 61

## خىتاي تەتقىقاتى

يۈز يىللىق مارافون: خىتاينىڭ
ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران
بولۇشتىكى مەخپىي ستراتېگىيىسى

سودا ئۇرۇشى خىتايىنى
ھالسىراتماقتا 53

## گۈلىستان

نازىگۇم - چىمەنگۈل ئاۋۇت

سۇ -ئادىل تۇنىياز 26

## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئۇيغۇرلاردا مىللىي روھ چۈشەنچىسى
مارتىنا كوكوتكىۋىكس 27















## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلاردا بۆشۈك
ئۇيغۇرلاردا مۇزىكا -سۇجۇپ 55

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇرلىرى 25

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ سودا ئۇرۇشى 45
ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش:
كايل باس بىلەن ستىۋ باننوننىڭ
سۆھبەت خاتىرىسى

## ئۇيغۇر تىلى

ئۇيغۇر تىلىنى قوغداپ قېلىشتىكى 57
مۇھىم تەدبىرلەر

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ۋىكتور ھيۇگونىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا
يازغان قەسىدىسى
32

قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ تارىخىي
باسقۇچلىرى 35

## ھېكمەتلەر

كىتاب ئوقۇش توغرىسىدىكى
گۈزەل بايانلار 64

## بۈيۈك سىمالار

جەك چېرچۋارد 34

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر 30

# يۇز يىللىق مارافون

## خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىكى  مەخپىي ئىستراتېگىيىسى

مايكىل پىلزبېرى



مايكىل پىلزبېرى 1945-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ئامېرىكادىكى ئەڭ داڭلىق خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسىنىڭ بىرى بولۇپ سەككىز ئامېرىكا پرېزدېنتىغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى ۋە ۋاشىڭتوندىكى نامى مەشھۇر خودسۇن ئىنىستىتۇتى خىتاي ئىستراتېگىيىسى مەركىزىنىڭ دىرېكتورى.

### مۇقەددىمە

---

### خام خىيال

«ئاسمانغا تۈيدۈرماي دېڭىزدىن ئۆتۈش»

-   ئوتتۇز ئالتە تەدبىردىن

2012-يىلى، 30-دېكادبىر. سىمسون تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان، يېقىشلىق سېكىرتارى ۋاين كلوف كەچ كۈزنىڭ چۈشلۈك ئوچۇق ئاسمىنى ئاستىدا  كامېرالار ۋە مكروفونلار ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ سۆز باشلىغاندا ۋاشىڭتون دۆلەتلىك مەيداندا سوغۇق شامال چىقىشقا باشلىدى. تاماشىبىنلار چاپانلىرىغا ئوراندى، دۆلەت سېكرېتارى ھىلارى كېلىنتوننىڭ ۋەكىلى بولسا بىر ئالتۇن مېدالنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا تۇراتتى. سىمسون تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ بۈگۈنكى ئەزىز مېھمىنى مەشھۇر خىتاي سەنئەتكارى سەي گوچياڭ ئىدى. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى بۇ پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلاردىن بىرى، ئايالىم سۈزىن سىمسون تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئاسىيا سەنئىتى مۇزېيىغا تەۋە سەكلىر سەنئەت زالىدا سەي گوچياڭ ئۈچۈن ھەشەمەتلىك كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. زىياپەتكە تۆت يۈز مېھمان ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، مېھمانلار ئارىسىدا ئاۋام پالاتا رەئىسى نەنسى پېلۇسى، ئەنگلىيە شاھزادىسى مىخائىل كېنتنىڭ خانىشى، شۇنداقلا سابىق ئىران شاھىنىڭ يەتمىش تۆت ياشلىق تۇل خانىشى قاتارلىق ئەزىز مېھمانلار بار ئىدى.مېھمانلار

ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا 2008-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان رەڭگارەڭ ئوت ئويۇنى ماھارىتى ئارقىلىق جاھانغا تونۇلغان سەي گوچياڭ بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپى ئۈچۈن قەدەھ سوقۇشتۇرۇشتى. سەي گوچياڭ خىتاينىڭ سىمۋوللىرىنى سەنئەت ئارقىلىق مەيدانغا چىقىرىشتا داڭق قازانغان شەخس ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق نومۇرىدا ئوت يالقۇنى ئارقىلىق ئون كلومېتىرلىق سەددىچىن سېپىلىنى نامايان قىلغان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش بوشلۇقتىن قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىنەتتى. بۇ قېتىمقى كەچلىك زىياپەت سەۋەبلىك سىمسون تەتقىقات مەركىزى ئۈچۈن بىر مىليون دوللاردىن ئارتۇق ئىقتىساد توپلانغان بولۇپ، بۇ زىياپەت ھەققىدىكى خەۋەرلەر خىلمۇ-خىل گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلدى(1). (بۇ نەقىل مەنبەسى ئىشارىتىدۇر. ئاپتور ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپلىگەن مەنبەلەردىن نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، نەقىل مەنبەلىرى ئەسلى ئېنگىلىزچە مەنبەنىڭ ئۆز ئەينى بويىچە ھەر بىر بابنىڭ كەينىگە قىستۇرما قىلىنىدۇ.ئىككىنچى كۈنى (يەنى 30-دېكابىر)، سەي گوچياڭ غەربچە كاستيۇم بۇرۇلكا ۋە كۇل رەڭ پەلتو كىيگەن، ئاپىلسىن رەڭ شارپا تاقىغان ھالدا كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. رەتلىك كىيىنگەن، چاچلىرىنى ئاق

سانجىغان، سالاپەتلىك بۇ سەنئەتكار دۆلەت مەيدانىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەسىرى ھېسابلانغان، ئىككى مىڭ تال پارتىلاتقۇچ ئورنىتىلغان، تۆت قەۋەتلىك بىنا ئېگىزلىكىدىكى روۋدېستۋو دەرىخىگە نەزەر سالدى.سەي گوچياڭ قولىدىكى پارتىلىتىش تىزگىنىكىنى بېسىشى بىلەن، بەھەيۋەت روۋدېستۋو دەرىخى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا پارتىلاپ، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن قاپقارا ئىس-تۈتەك كۆتۈرۈلدى. سەي گوچياڭ پارتىلىتىش تىزگىنىكىنى ئىككىنچى قېتىم باستى، روۋدېستۋو دەرىخى يەنە پارتىلىدى. تىزگىنەكنى ئۈچىنچى قېتىم بېسىۋىدى، روۋدېستۋو دەرىخى يەنە بىر قېتىم پارتىلىدى. بۇ قېتىمقى بەش مىنۇتلۇق نومۇر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە قارىغاي يوپۇرماقلىرى ھەر ياققا توزۇپ كەتتى. پارتىلىشتىن كېلىپ چىققان قاپقارا ئىس-تۈتەك — بۇ پارتىلاتقۇچ دورىنى خىتاينىڭ كەشىپ قىلغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئىدى — سىمسوننىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك قىزىل قەلئەسىنىڭ تاملىرىنى قاپلىۋالدى.(2) نومۇردىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ پارتىلىتىش نومۇرىدىن قالغان غەلدى-غەشلەرنى پاكىزلاپ تۈگىتىشكە تويتوغرا ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلدى.

مەن مەيداندا ھازىر بولغۇچىلارنىڭ روۋدېستۋو بايرىمىغا بىر ئايمۇ قالمىغان پەيتتە  بىر خىتاي سەنئەتكارنىڭ خىرىستىئان ئېتىقادىنىڭ سىمۋولىنى دۆلەت پايتەختىنىڭ مەركىزىدە نېمە ئۈچۈن پارتىلاتقانلىقى توغرىلىق ئويلانغان ياكى ئويلانمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەينى چاغدا مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇ قىلمىشقا يوشۇرۇنغان مەنىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىمنى جەزم قىلالمايمەن. ئۇ چاغدا مەنمۇ تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە چاۋاك چالغان ئىدىم. ئۇ چاغدا بەلكىم بۇ ئىش توغرۇلۇق تالاش-تارتىش يۈز بېرىشى مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلغان بولغىيتتىم. مۇزېينىڭ باياناتچىسى «ۋاشىڭتون پوچتىسى» مۇخبىرىغا «نومۇرنىڭ روۋدېستۋو بايرىمى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق»(3) دېگەن ئىدى. مۇزېي سەي گوچياڭنىڭ نومۇرىنى تۈزلۈك بىلەن «پارتىلىتىش نومۇرى» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەمما، بۇنداق ئاتاش سەي گوچياڭنىڭ ئۆز تور بېتىدە بۇ نومۇرغا «قارا روۋدېستۋو دەرىخى» دەپ ئىسىم قويغىنىدەك ئوبرازلىق بولالمىغان ئىدى.(4)

دۆلەت سېكرېتارى ھىلارى كلىنتوننىڭ ياردەمچىسى مۇخبىرلارنىڭ ئېنىق كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئالتۇن مېدالنى پۇلاڭشىتىۋاتقان پەيتتە، سەي گوچياڭ كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. سەي گوچياڭغا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى تەرىپىدىن دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت مېدالى تەقدىم قىلىندى. مېدالغا قوشۇلۇپ 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات قىلىپ بېرىلدى. ھالبۇكى، بۇ ئامېرىكىلىق باج تۆلىگۈچىلەرنىڭ يانچۇقىدىن چىققان پۇل ئىدى. دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مېدالنىڭ ئارتىسقا «ئىككى دۆلەت ئارا چۈشىنىش ۋە دىپلوماتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن»(5)

بېرىلگەنلىكىنى جاكارلىدى. سەي گوچياڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغاندەك قىلاتتى ۋە مۇنداق دېگەن ئىدى:«ھەممە سەنئەتكارلار دىپلوماتقا ئوخشايدۇ. سەنئەت بەزىدە دىپلوماتىيە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.»(6)

مەن بۇ ئىشلاردىن بىر ئاز شۈبھىلەندىم. ئەتىسى، خىتايدىن يۈز ئۆرىگەن سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارىدىن بىرى بىلەن ئۇچراشقان مەخپىي يىغىندا، سەي گوچياڭ ھەققىدە ئېغىز ئاچتىم. ئۇ مۇكاپاتقىمۇ، پارتىلىتىشقىمۇ ھاڭ-تاڭ قالغان ئىكەن. بىز بۇ ھەقتە توردىن ئىزدەندۇق. مەن سەي گوچياڭ ۋە ئۇنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى توغرۇلۇق چوڭقۇرراق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى ئىدىم. مەن سەي گوچياڭنىڭ تالانتى توغرۇلۇق يېزىلغان ئېنگىلىزچە ماقالىلەرنى ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا، خىتايلارنىڭ خىتاي يېزىقىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن توربەتلەردە ئۆزىنىڭ بۇ ئۇستۇن شان-شەرەپكە ئېرىشكەن ۋەتەندىشى ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەنلىكى توغرۇلۇق ئىزدەندىم.ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سەينىڭ جۇڭگودا ئەگەشكۈچىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. ئەي ۋېيۋېينى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئۆتمۈشتىمۇ، نۆۋەتتىمۇ جۇڭگودىكى ئەڭ مەشھۇر سەنئەتكار ھېسابلىنىدىكەن. سەينىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي مىللەتچىلىرى بولۇپ، ئۇلار سەينىڭ غەرب سىمۋوللىرىنى غەربلىكلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پارتىلىتىپ يوق قىلىنىشىنى ئالقىشلايدىكەن. خىتاي مىللەتچىلىرى ئۆزلىرىنى «قاتتىق قوللار گۇرۇھى» دەپ ئاتىشىدۇ.قاتتىق قوللار گۇرۇھىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گېنېراللار، دېڭىز ئارمىيە قوماندانلىرى ۋە ھۆكۈمەتتىكى قاتتىق قول شەخسلەر بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت ئاز بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلارلا كۆرۈپ باققان. ئۇلار خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە قەلەمكەشلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1973-يىلىدىن باشلاپلا، مېنى ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغاچقا، مەن ئۇلارنى ياخشى بىلىمەن. مېنىڭ بىر قىسىم خىزمەتداشلىرىم ئۇلارنى خاتا ھالدا «ئەسەبىيلەر» دەپ قارايدۇ. ماڭا نىسبەتەن، ئۇلار خىتاينىڭ ھەقىقىي ئاۋازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.(7)

سەي گوچياڭ ۋە قاتتىق قوللار گۇرۇھىدىكىلەر ئامېرىكانىڭ چۆكۈشى ۋە خىتاينىڭ كۈچىيىشى توغرىسىدىكى بايانلارنى بەكمۇ قوللايدۇ. (ئۇدۇل كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قويايكى، ئۇنىڭ گوچياڭ دېگەن ئىسمى، خىتايچىدا «كۈچلۈك دۆلەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.) سەينىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرى ھەرخىل شەكىلدە مۇشۇ خىل ئىدىيەنى چىقىش قىلغان.
مەسىلەن، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئافغانىستان ۋە ئىراقتا دائىم دېگۈدەك يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان بومبىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغاندا، سەي بومبا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ماشىنىنى تەقلىد قىلىپ پارتىلىتىش نومۇرى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلىرىدىن «تېرورلۇق ھۇجۇملىرى ۋە ئۇرۇشلاردىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بىر تۈرلۈك گۈزەللىكتىن بەھىر ئېلىش» نى تەلەپ قىلغان. سەي 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى دۇنيا تاماشىبىنلىرى ئۈچۈن «تەبرىك مۇراسىمى» دەپ ئاتاپ، كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان ئىدى. بۇ سۆز كىشىگە بەئەينى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى ئەستىرتىن

سەنئەت ئەسىرى دەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورلىرىدىن بىرى سەي گوچياڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرنىڭ(9) «تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ئۇرۇش: يەرشارىلىشىش دەۋرىدىكى ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيە» ناملىق ئەسەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ھەربىي ئانالىز توغرىسىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى ھەربىي ئەمەلدارى «ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىشتا تېرورلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوش ئۆلچەملىك ئۇرۇش» نى تەرغىب قىلغان.(10) ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ، خىتاي تىلىدىكى بلوگلاردا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە بىر تاش ئېتىم مىقدارى كېلىدىغان جايدا ئۆز قەھرىمانىنىڭ خىرىستىئان دىنىنىڭ سىمۋولىنى پارتىلىتىپ كۆكۈم تالقان قىلىۋەتكەنلىكى زوخ-شوخ بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. تولىمۇ ئېنىقكى، ئامېرىكا خەلقى ئۇلارنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان.كېيىنكى چاغلاردا مەن سەيگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلگەن پۇلنى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇلار سەينىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، گۇمانلىق سەنئەت ئىستراتېگىيىسىنى بىلمەستىنلا شۇنداق قىلغان ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈم ۋە ئايالىمنىڭ بىخەستىلىك قىلغانلىقىمىزنى؛ كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان، چوڭقۇر پىلانلانغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىدىن بىخەۋەر ھالدا خۇشاللىقتا چۆمگەن ياۋايىلاردىن بولغانلىقىمىزنى ئويلىدىم.بۇ ھادىسە ئامېرىكىنىڭ خىتايغا تۇتقان ئومۇمىي سىياسىتىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى كۆپلىگەن غەربلىكلەرنى خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ تىنچلىق ئىچىدە بولىدىغانلىقىغا، بۇنىڭ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ بولدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇنىڭغا تامامەن زىت بولغان ئىستىراتېگىيە بويىچە ئىش كۆرۈۋاتماقتا.

* * * * *

بىز ئامېرىكىلىقلار خىتايلارغا تېخىچە ئۇلار بىزگە قارىغان نەزەردە قاراپ باقمىدۇق، بۇ ھال داۋاملاشقىنى نەچچە ئون يىلدىن ئاشتى. نېمە ئۈچۈن سمىسون تەتقىقات مەركىزى ۋە دۆلەت ئورگىنى بىر خىتاي ئارتىسىنىڭ روۋزىستىۋا دەرىخىنى دۆلەت مەيدانىدا پارتىلىتىشىغا 250 مىڭ دوللار پۇل بېرىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى، ئەڭ بولمىغاندىمۇ قىسمەن ھالدا قەدىمكىلەرنىڭ مۇنۇ ماقال-تەمسىلىدىن چىقىدۇ. "Cross the sea in full view" ياكى «كۆزگە چېلىقىدىغان يەرگە يوشۇرۇنۇش» بۇنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىتاينىڭ ئوتتۇز ئالتە تەدبىرىدىن بىرى بولۇپ، «ئوتتۇز ئالتە تەدبىر» قەدىمكى خىتاي فولكلورىغا تەۋە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. (11)

بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇب قىلىشتا شۇ دۈشمەنگە قارشى بەيگىگە چۈشكەن تەقدىردىمۇ، دۈشمەنگە بۇنى سەزدۇرمەستىن، دۈشمەننىڭ ئۆز كۈچىنى ئۆزىگە قارشى ئىشلىتىش ئارقىلىق مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن. بەلكىم، سەي ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يۇقىرىقى ئىدىيەنى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىدە قىلغان سۆزى ئارقىلىق چاندۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. (شۇ چاغدا) سەي گوچياڭ «ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا مىكرى بولىدۇ» (12) دېگەن ئىدى.

ئۆزىنى خىتاي مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتىۋالغان بىزلەر ئورتاق ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمىتىمىزنى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى خاتا چۈشىنىشلەرنى بار كۈچىمىز بىلەن پەسەيتىشكە تىرىشىش دەپ قارايمىز. بىز ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىسىشىغا ئۆزىمىز سەۋەبچى بولدۇق. ئامېرىكالىقلار خىتاي توغرىسىدا قايتا-قايتا خاتالاشتى، بەزىدە بۇ خاتالىششىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى كۆرۈلگەنمۇ . 1950-يىللاردا، خىتاي رەھبەرلىرى كورىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ خىتاي چېگرىسىغا بەك يېقىن كېلىۋالماسلىقى كېرەكلىكى، ئەكسىچە بولغاندا خىتاينىڭ ئوخشاش ھەرىكەت ئارقىلىق ئامېرىكىغا جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئامېرىكاغا ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ھالبۇكى، ۋاشىنگتون تەرەپتىن ھېچكىم بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ھېس قىلالمىدى. نەتىجىدە، شۇ يىلى نويابىردا خىتاي ئارمىيىسى يالۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، شىمالىي كورىيە زېمىنىغا كىردى. 1953-يىلى ئۇرۇش توختىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا ئارمىيىسى كۆپلىگەن ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر ئوتتۇز مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرى بۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئامېرىكا خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ خاتا چۈشەنگەن بولدى . بۇنىڭغا 1970-يىلى خىتاينىڭ نىكسون ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بېرىشى سەۋەب بولغان ئىدى. خىتاينىڭ 1989-يىلى تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار نامايىشىغا تۇتقان غەرىزى، 1999-يىلى ئامېرىكىنىڭ ئۇقۇشماستىن خىتاي ئەلچىخانىسىنى پارتىلىتىپ سالغان چاغدىكى قارارى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ گېتلىرچە زوراۋانلىق سەۋىيىسىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن سەۋىيىنى ھازىرلىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت.

ئارىمىزدىكى خىتاينى تەتقىق قىلغان كۆپىنچە كىشىلەرگە خىتاينىڭ غەرب ئىمپېرىيالىزمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان چارىسىز زىيانلانغۇچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. بۇ ئىدىيە -- خىتاي رەھبەرلىرىگە ئىشىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنى ئاكتىپلىق بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك دەيدىغان ئىدىيەدۇر. 1967-يىلى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغىمدا، سىياسەتشۇناس پروفېسسورلىرىم خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. بۇ بىز بىر ئەۋلاد

ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەلۇم شەكىلدە بۇ خىل گۇناھىمىزنى يۇيۇشىمىز كېرەكلىكىگە ئىشارە قىلاتتى. بىزنىڭ كۆپلىگەن دەرسلىك كىتابلىرىمىزغا دەل مۇشۇنىڭكىدەك پىكىرلەر كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئىدى.

بۇ خىل كۆز قاراش ــ قانچىلىك قۇربانلىق بېرىشتىن قەتئىينەزەر خىتايغا ياردەم بېرىش، خىتايغا بولغان ياخشى كۆڭلىمىزنى ۋە ئۇنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دەپ قارىشىمىزنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ھەرقانداق ھادىسىلەرنى قەستەن كۆرمەسكە سېلىۋېلىشىمىزغا يول ئاچقان بۇ خىل پىكىر ئەندىزىسى ــ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىدا ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ كەلدى. شۇنداقلا، بۇ خىل كۆز قاراش خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئامېرىكا پرېزدېنتىغا ۋە باشقا رەھبەرلىرىگە بېرىدىغان مەسلىھەتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

بۇ خىل كۆز قاراش ھەتتا بىزنىڭ تەرجىمىلىرىمىزدىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. خىتاي تىلى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ تۇنجى قىلىدىغان ئىشى ئاساسلىق ئىككى بىسلىق سۆزلەردىن ئىبارەت. خىتايچىدا ئېلىپبە يوق، خىتاي ئېلىپبەسى ھەرپلەردىن تەشكىل تاپقان ئەمەس. ئەكسىچە، سۆزلەر بىخۇالارنىڭ قوشۇلىشىدىن تەشكىل تاپقان.

خىتاي تىلىنىڭ مۇرەككەپلىكى مەخپىي شىفىرغا ئوخشايدۇ. چەتئەللىكلەر كىشىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان خىتايچە ئۇقۇملارنى تەرجىمە قىلىشتا ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن قارار چىقىرىشى كېرەك بولىدۇ.(13) مەن دېڭ شياۋپىڭ 1983-يىلى مەركىزى قۇرۇلتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە قوللانغان كەم ئۇچرايدىغان، قىسقارتىلغان ئاتالغۇنى؛ 1987-يىلى جۇ روڭجىنىڭ ۋاشىڭتوندا قىلغان ئىككى بىسلىق، گۇڭگا سۆزىنى؛ شۇنداقلا، 2002-يىلى  خۇجىنتاۋ بەش بۇرجەكلىك بىناني زىيارەت قىلغان چاغدىكى سۆزىنىڭ شىفىرىنى يېشىشتە قانداق تەرجىمە قىلىشنى قارار قىلىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم تەرجىمىلىرىمىزنى ئورتاقلىشاتتۇق. بەختكە قارشى، ئامېرىكىدىكى ئاتالمىش خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى بىر نەچچە ئېغىز خىتايچە سۆزنى ھېسابقا ئالمىغاندا،خىتايچە سۆزلىيەلمەيتتى. بۇ ھال خىتايچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغانلار ئالدىدا ئۆزىنى بۇ جەھەتتە ئىقتىدارلىق كۆرسىتىشكە يېتىپ ئاشاتتى. بۇ خىل رېئاللىق ئاتالمىش خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى خىتايغا ئائىت ئۇچۇرلارنى ھە دېگەندىلا ئۆز ئەقىدىسىگە ماس ھالدا تەرجىمە قىلىشقا يول ئاچقان. ئەسلىدە بىزنىڭ ياخشى قىلىشىمىزكېرەك بولغىنى (خىتاي دائىرىلىرىنىڭ) ئېغىزدىن چىققان سۆزگە ئاساسلىنىپلا تەرجىمە قىلماي، ئۇ سۆزنىڭ كۆرۈنىشىنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا تەرجىمە قىلىشىمىز ئىدى. بىز ئەسلى ئېيتىلغان سۆزگە يوشۇرۇنغان تېخىمۇ چوڭقۇر مەنانى ئىزدەشكە موھتاج ئىدۇق. يېرىم ئەسىردىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان، ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغىنى ئېنىق. كۇنىمىزدىمۇ خىتاينىڭ قاتتىق قول تەرەپتارلىرىنىڭ چۈشىنىكسىز بايانلىرىدا قەدىمكى تارىخ ھەققىدىكى مۇجمەل بايانلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيىسىنى قانداق يۈرگۈزىشى كۆپلىگەن چەتئەللىكلەرگە مەخپىي قالغان.

ھەتتا پرېزىدېنت رىچارد نىكسوننىڭ 1971-يىلى خىتايغا قوينىنى ئېچىشى بىلەن، ئامېرىكانىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تۇتقان سىياستىنى ئومۇمەن خىتاينى «قۇرۇپ چىقىشقا ئاربىلىشىش» ئارقىلىق ئۇنىڭ باش كۆتۈرىشىگە ياردەم بېرىش پىكىرىدىكى ئاشۇ كىشىلەر بەلگىلىگەن. تېخىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتقان بۇ خىل سىياسەت بىلەن نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى سەككىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە كۆزگە چېلىقىقۇدەك ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. دېموكراتلاردىن چىققان ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەردىن چىققان پرېزدېنتلارنىڭ ئوخشىمىغان تاشقى سىياسەت نۇقتىئىينەزەرلىرى بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش جەھەتتە ئورتاق پىكىردە بولغان. خىتاينى «قۇرۇپ چىقىشقا ئارىلىشىش» تەرەپتارلىرى مەشھۇر ئاكادېمىكلار، دىپلوماتلار، سابىق پرېزدېنتلار قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ شەخسلەر خىتايغا ئالاقىدار سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ ۋە ژۇرنالىستلارنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگىنىم ماڭا ئايان. ئەمەلىيەتتە، 1969-يىلى ئاقسارايغا خىتاي توغرىسىدا لاھىيە سۇنۇپ ئالقىشقا ئېرىشكەن تۇنجى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى، ئىككىلى پارتىيە باشچىلىق قىلغان ھۆكۈمەتلەرنى خىتايغا تېخنولوگىيە ۋە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشتا مېنىڭ بەزى ھاللاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىم ھەقىقەت. مەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر دىپلوماتلار ۋە ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان قىياسلارنى كۆپىنچە ھاللاردا قوبۇل قىلىپ كەلگەن ئىدىم. بۇ قىياسلار ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيە مۇھاكىمىلىرىگە، ئوبزورلارغا ۋە مېدىيە ئانالىزلىرىغا كۆپلەپ سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. بىز ئامېرىكانىڭ ئاجىز خىتايىنى ــ رەھبەرلىرى بىز بىلەن ئوخشاش ئويلايدىغان خىتايىنى ــ يۆلىشىنىڭ خىتاينىڭ دېموكراتىك ۋە تىنچلىقپەرۋەر كۈچ بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدىغانلىقىغا،شۇنداقلا خىتاينىڭ ئۆز رايونىنىڭ خوجىسى بولۇش، ھەتتا دۇنيانىڭ خوجىسى بولۇش شۇم

نىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدۇق. بىراق، بىز خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ تەسىر كۆچىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويغان ئىكەنمىز.(14)(خىتاي ھەققىدە) يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا، ئاشۇ پەرەزلەردە بولغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە خاتالاشقانلىقى مەلۇم بولماقتا. ئۇنداق پەرەزلەرنىڭ خاتالىقى كونسايىن روشەنلەشمەكتە ۋە خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرى ئارقىلىقمۇ، شۇنداقلا خىتاينىڭ قىلمايۋاتقانلىرى ئارقىلىقمۇ ئوخشاش ھالدا ئىپادىلەنمەكتە.

## بىرىنچى خاتا قىياس: مۇناسىۋەت مۇتلەق ھەمكارلىقنى روياپقا چىقىرىدۇ

قىرىق يىلدىن بۇيان مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم خىتاي بىلەن بولغان «مۇناسىۋەت» خىتاينىڭ غەرب بىلەن كەڭ دائىرىلىك دىپلوماتىك مەسىلىلەردە ھەمكارلىشىشىنى روياپقا چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدۇق. ئەمما، بۇنداق بولۇپ باققىنى يوق. سودا ۋە تېخنولوگىيە مۇناسىۋىتى خىتاي بىلەن غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى رايون خاراكتېرلىك ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە ئورتاقلىققا ئىگە قىلىدۇ دەپ قارالغانىدى. ئەمما، خىتاي بۇنداق قىلغىنى يوق.
يىغىنچاقلىغاندا، خىتاي بىزنىڭ بارچە گۈزەل ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرۇشتا لاياقەتسىزلىك قىلدى.(15)
ئۆزۈش ئوتى ئاستىدا قالغان ئافغانىستاننى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش تىرىشچانلىقىغا ۋە ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارشىلىق قىلىشتىن تارتىپ، سۇدان ۋە شىمالىي كورىيە قاتارلىق مەسىلىلەرى تاغدەك يىغىلىپ كەتكەن، غەربكە قارشى ھۆكۈمەتلەردە ھاياتلىق لىنىيىسى بەرپا قىلىشقىچە، خىتاي ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرىكەت ۋە مەقسەدلىرىگە قارشىلىق قىلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن، خىتاي ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەنمۇ، دۈشمەنلىرى بىلەنمۇ ئۆز ئالدىغا مۇناسىۋەت ئورناتماقتا. بۇ ھەر قانداق ھالەتتە خىتاينىڭ تىنىچلىقپەرۋەرلىك ياكى ئىشلەپچىقىرىش غەرىزىگە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋال.

زور كۆلەملىك قىرغۇچى قورallلارنى مىسالغا ئالساق، ھېچبىر بىخەتەرلىك تەھدىتى ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىغا ئۇلارنىڭ قىرغۇچى قوراللار سالمىقىنى ئاشۇرىشىدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك ئەمەس. شۇنداقلا، خىتاي شىمالىي كورىيە بىلەن ئىراننىڭ ئاتوم شۇم نىيىتىنى چەكلەشتە ھېچقانداق پايدىلىق رول ئوينىمىدى.
11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن بەزى تەھلىلچىلەر خىتاي بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئەينى چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھالاكىتىگە جەلپ قىلىنغىنىغا ئوخشاش، ئەمدىدىن باشلاپ تېرورىزىم تەھدىتىگە قارشى بىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جورج. ۋ. بوش 2002-يىلى يانۋاردا دۆلەت ئەھۋالى دوكلاتىدا تېرورىزىمنىڭ «ئورتاق خەتىرى» گە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشىشقا بولغان بۇ يۈكسەك ئارزۇنى «كونا رەقىبلەرنى يوقىتىش» دەپ تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بولىسىمۇ، بۇ خىتاينىڭ مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەمكارلىقى كۆلەم ۋە مۇھىملىق جەھەتتە تولىمۇ چەكلىك بولۇپ كەلدى.

## ئىككىنچى خاتا قىياس: خىتاي دېموكراتىيەلىشىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ

ئۆتكەن ئوتتۇز يىلدا خىتاي ھەقىقەتەن ئۆزگەردى. بىراق، خىتاينىڭ سىياسەت سىستېمىسى بىز تەشەببۇس قىلغان ئارىلىشىش شەكلى ئۈمىد ۋە پەرەز قىلغاندىكىدەك تەرەققىي قىلمىدى. بارغانچە كۆپلىگەن خىتايشۇناسلىق مۇتەخەسسىسلىرى بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمەكتە. پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئارون فرىدبېرگ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىشىنىڭ ئورنىغا، نەچچە ئون يىل جان ساقلاپ قالالايدىغانلىقىغا نەزەر ئاغدۇرغان.(17) ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى خىتاي ھەققىدىكى «مۆتىدىل سىنارىيە» سىنى بايان قىلىپ كەلگەن.«مۆتىدىل سىنارىيە» ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا خىتاينىڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئەركىن دېموكراتىيەگە ئۆلىشالايدىغانلىقى ئالدىن كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭ پەقەتلا بىر فانتازىيە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇ يىگىرمە ياكى ئوتتۇز يىل ئاۋۋال، خىتاينىڭ بۈگۈنكىدىن كۆپ باي ھەم كۈچلۈك بولۇش مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ئىدى. بىراق، ھالا بۈگۈنگىچە خىتاي دۆلىتى دىكتاتور كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا تۇرىۋاتىدۇ. شۇنداقلا بۇ دىكتاتور ھاكىمىيەت «ئۆزى بىلەن پەرقلىنىدىغان ۋە تەشكىللىچانلىقى ئىگە بولغان سىياسىي ئۆكتىچىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ»، دۇنيانىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىكى باشقا دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرنى قوللاپ، ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتىدۇ.(18) ياۋروپا كېڭىشىنىڭ 2009-يىلىدىكى خەلقئارا كىشىلىك مۇناسىۋەت باھالىشىدا، مەركىزى سول قانات ئاقىللار ئامېرىدىن بىرى خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن باردى-كەلدى قىلىشى خىتاينىڭ «ئىقتىسادىنى ئەركىنلەشتۈرىدۇ، قانۇن نىزاملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە خىتاينى دېموكراتىيەلەشتۈرىدۇ» دەپ بايان قىلغان.(19) (خىتايدا) ئامېرىكا ئۇسلۇبىدىكى ئەركىن بازار ئىقتىسادى ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭ ئورنىغا، «ھاكىممۇتلەق كاپىتالىزىم» نىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىغا ئالىملار بارغانچە دىققەت قىلماقتا.(20)

كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئاندرېۋ ناسان دېموكراتىيە ژۇرنىلىغا يازغان ماقالىسىدە، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى «ھاكىممۇتلەق ئىلاستىپكىلىق» دەپ ئاتىدى.(21)

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خىتايدا يېزا-قىشلاق سەۋىيىسىدىكى دېموكراتىيە ئۇرۇقى تىكىلدى دەپ قاراش ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن خىتاينى كۆزەتكۈچىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان. بۇ ھەقتىكى بەس-مۇنازىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئامېرىكىنىڭ بېسىم ئىشلەتمەستىن چىدامچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، خىتاي شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى يەرلىك سايلاملار ئاخىرىدا رايونلارغا كېڭىيەرمىش ۋە دۆلەت سايلىمى دەرىجىسىگە بېرىپ يېتەرمىش.ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە ئىشلەۋاتقان باشقا كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئوخشاش، نەچچە ئون يىلدىن بېرى بۇ خىلدىكى دېموكراتىيە ھېكايىلىرى مېنىڭ قۇلىقىمغىمۇ كىرىپ تۇردى. بۇ ھەقتە ساناقسىز كىتاب-ماقالىلەرنى ئوقۇغان بولدۇم ۋە بۇ پىكىرگە ئىشەنگەن بولدۇم. مېنىڭ بۇ خىل پىكىرگە ئىشىنىشىم كېرەك ئىدى.

مېنىڭ بۇ ئىشەنچىم تۇنجى بولۇپ 1997-يىلى تەۋرىنىپ قالدى. مەن خىتاينى زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ سانائەت شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان دوڭگۇەنگە يېقىن بىر يېزىدا «دېموكراتىك» سايلامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا شاھىت بولۇشقا ئۇندەلگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىدىم. زىيارەت جەريانىدا، سايلام نامزاتلىرى بىلەن خىتاي تىلىدا پاراڭلىشىش ۋە سايلامنىڭ زادى قانداق ئېلىپ بېرىلىشىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولدۇم. بۇ جەرياندا ئويۇننىڭ مەخپىي قائىدىسى سۇ يۈزىگە چىقتى. سايلام نامزاتلىرىنىڭ نە ئاشكارا يىغىن چاقىرىشىغا، نە تېلېۋىزوردا ئېلان بېرىشىگە، نە ئۆزىنى ئېلان-لوزۇنكىلار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. ئۇلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۈرگۈزىۋاتقان ھەر قانداق سىياسەتنى سۆكۈشىگە يول يوق ئىكەن. شۇنداقلا، ئۆز رەقىبلىرىنى قانداقلا بىر جەھەتتىن تەنقىدلىشىگىمۇ بولمايدىكەن. بۇنداق سايلاملاردا ئامېرىكا ئۇسلۇبىدىكى باج ھەققىدىكى ياكى چىقىم ھەققىدىكى مۇنازىرىلەردىن، ۋەياكى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن. سايلام نامزاتلىرى قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىش ئۆزىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆز رەقىبىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بەيگىگە سېلىش ئىكەن. بۇ خىل قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىش جىنايەت ھېسابلىنىدىكەن.

سايلام نامزاتلىرىدىن بىرى مەندىن غەربتىكى سايلامنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئېيتىپ بېرەلمىدىم. خىتاي قاتتىق قوللىرى ئاللىقاچان ھەقىقىي سايلامنى يوق قىلىۋەتكەن ئىدى.

## ئۈچىنچى خاتا قىياس: خىتاي ئاجىز ئەگەشكۈچى

1996-يىلى خىتاينى زىيارەت قىلغان ئامېرىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئۆمەكتىكىلەر ئارىسىدا يەنە جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ پرېزدېنت نامزاتى روبېرت دولغا تاشقى سىياسەت مەسلىھەتچىسى بولغان روبېرت ئېلسۋورس بار ئىدى. خىتايلار دولنىڭ پرېزدېنت سايلىمىدا غەلىبە قازىنىپ، ئېلسۋورسنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى قىلىپ تەيىنلەش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھېيلىگەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، بىزنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى مېخانىزمى ۋە ئىچكى مەسىلىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنى «قاتتىق قوللار گۇرۇھى» دەپ ئاتايدىغان ھەربىي ئەمەلدار بىزگە ھەمراھ بولدى.

بىز خىتاي ئالىملىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كۆز قاراش ئالماشتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. بىزگە خىتاينىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھرانغا دۇچ كەلگەنلىكى ئېيتىلدى. ھالاك بولۇش مۇمكىنچىلىكى بەكلا چوڭ ئىدى. بۇ مەشھۇر ئالىملار خىتايدىكى ئېغىرلاشقان مۇھىت مەسىلىلىرىنى، تىنجىماس ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى، ئىقتىدارسىز ۋە چىرىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى، شۇنداقلا بۇ رەھبەرلەرنىڭ زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى ئىقتىدارسىزلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. خىتاي سىياسىي بيۇروسىنىڭ بۇ مۇھىم مەخپىيەتلىكلىرى ئۇچۇن مەن بۇ ئالىملارنىڭ ساددىلىقىغا ھەيران قالدىم ۋە ئۇلارنىڭ پەرەزلىرىدىن قاتتىق چۆچۈدۈم. بۇ ھال ئاجىز دەپ پەرەز قىلىنغان خىتاي ئۇچۇن ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تىرىشچانلىقلارنى قوللىشىمغا سەۋەب بولدى.

كېيىنكى چاغلاردا مەن خىتايلارنىڭ ئامېرىكىلىق ئاكادېمىك، سودا ئەربابلىرى، سىياسىي مۇتەخەسسىسلەر قاتارلىق شەخسلەرنىڭ «ئالاھىدە» زىيارەتلىرىگىمۇ ھەمراھ بولغانلىقىدىن، بۇ شەخسلەرنىمۇ زىيارەتلىرىدە خىتاينىڭ زاۋالىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇم. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ بېشارەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىدە، كىتابلىرىدا ۋە ئوبزورلىرىدا تەكرار بايان قىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، تەسىرى كۈچلۈك ھېسابلانغان «RAND» شىركىتى خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى چۆكۈشى ھەتتا ۋەيران بولۇشىدىكى ئون ئامىل بايان قىلىنغان بىر تەتقىقات تېمىسىنى ئېلان قىلدى.(22) بۇ خىل يۈزلىنىش نەچچە يىللارغىچە خىتاي توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ داۋاملىشىپ كەلدى.

2003-يىلى «ئوبزور» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىنىڭ تېمىسى خىتاينىڭ «كېسەللىكلىرى» گە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.(23) 2001-يىلىدىكى ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابلاردىن بىرى خىتاينىڭ «يېقىنلىشىۋاتقان زاۋاللىق»(24) ىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كۆپلىگەن شەخسلەر ئەگەر ئامېرىكا خىتايدىن سايلام سېستىمىسى، ئوخشىمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكىلەرگە ئەركىنلىك بېرىلىش، قانۇن-نىزاملارنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلسا، بۇ خىل بېسىم سەۋەبلىك خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ پۈتكۈل ئاسىيا قىتئەسىدە مالىمانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدىغانلىقى قاتارلىق ئەندىشىلىك كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى.

نەچچە ئون يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىدىيەنى چۆرىدىگەن سۆھبەت، بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ كىتاب-ماقالە ۋە خەۋەرلەردە چېلىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇلار بىزنىڭ خىتاي ھەققىدىكى بايانلىرىمىزنى دۆلەت مىقياسىدا كونترول قىلغان ئىدى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ساھەسىدىكى تەشكىلات ھېسابلانغان «خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە فوندى» دىكى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندىكى رەھىمسىز رېئاللىق شۇكى، خىتاينىڭ كۈچلۈك GDP سى يىلىغا يەتتە ياكى سەككىز پىرسەنتلىك سۈرەت بىلەن ئېشىپ، ئەڭ بۇرۇن بولغاندا 2018-يىلى ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە.(25) تولىمۇ ئەپسۇسكى، ماڭا ئوخشايدىغان خىتاي سىياسىتى مۇتەخەسسىسلىرى «خىتاينىڭ زاۋالىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى» (26) پىكىرىگە ئاجايىپ سادىق ئىدۇقكى، ئارىمىزدىكى ئاز بىر قىسىمىمىزلا يۇقىرىقى مۆلچەرنىڭ تەرەپتارلىرى بولالىدۇق.

## تۆتىنجى خاتا قىياس: خىتاي بىزگە ئوخشاش بولماقچى، ئۇ بىزگە ئوخشاش

بىزنىڭ چەكتىن ئاشقان كۆرەڭلىكىمىزدىن بىرى شۇكى، ئامېرىكىلىقلار باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئامېرىكىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مانا مۇشۇ خىل كۆرەڭلىك يېقىنقى يىللاردا ئافغانىستان ۋە ئىراقتا ئاياق بېسىشىمىزغىمۇ رەھبەرلىك قىلدى. بىز خىتايغىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ خىل كۆرەڭ ئىدىيە بىلەن قاراۋاتىمىز.1940-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايلارنىڭ پىسخىكىسىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى بىر تۈرگە مەبلەغ ئاجراتتى. بۇ سەۋەبلىك نەچچىلىگەن تەتقىقاتلار ئوتتۇرىغا چىقتى. تەتقىقاتلارنىڭ بىرىدە نيۇيوركقا جايلاشقان خىتاي كوچىسىدىكى 150 خىتاي كۆچمەنگە قارىتا روشاك سىنىقى ( The Rorschach test ) ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەتقىقاتنى ئىشلىگەن تەتقىقاتچىلار نسان لېيتس، رۇز بېندىكت، مارگارىت مىد قاتارلىق ئالىملار ئىدى. روشاك كارتىسىدىن سىرت، ئۇلار يەنە خىتاينىڭ داڭلىق كىتاب ۋە كىنولىرىدىكى تېمىلارنى ئانالىز قىلدى. بۇلاردىن ئوتتۇرىغا چىققان خۇلاسە شۇ بولدىكى، خىتايلار ئامېرىكىغا ئوخشاش ئىستراتېگىيە يۈرگۈزۈش كېرەك دەپ قارىمايدىكەن. ئامېرىكىلىقلار بىۋاستە ھەرىكەتلەرنى توغرا كۆرگىنى بىلەن، خىتاي قان سېستىمىسىدىكىلەر بىۋاستىلىقتىن بەكرەك ۋاستىلىكلىكنى خالايدىكەن. ئوچۇقلۇق ۋە ئېنىقلىققا قارىغاندا قوش بىسلىقلىق ۋە ئالداشنى تاللايدىكەن. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئىستراتېگىيىگە ئائىت خىتاي ئەدەبىياتى ۋە ئەسەرلىرى ئالدامچىلىق قىلىشنى تەقدىرلەيدىكەن.(27)

يىگىرمە يىلدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پىسخىكىلىق ئانالىز مېتودى ئارقىلىق كۇلتۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا نام چىقارغان ناسان لېيتىس مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى:

سۇنزىدىن ماۋزېدۇڭغىچە بولغان ئىستېراتىگىيە ئەدەبىياتىدا ئالداش باشقا نۇرغۇنلىغان ھەربىي تەلىماتلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ. خىتايلارنىڭ ئالدامچىلىق ھۈنىرى بىراۋنىڭ ئۆز پىلانىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغداشقا مايىل بولۇشىدىن بەكرەك، دۈشمەننى ئالداش ئارقىلىق ئۇنى ناباب ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا مايىلدۇر. باشقا مەدەنىيەتلەردە، بولۇپمۇ غەرب مەدەنىيىتىدە، ئالداش ئاساسلىقى ئۆز كۈچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى زەربە بېرىش كۈچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ... خىتايلارغا نىسبەتەن ئالداشتىن قولغا كېلىدىغان نەتىجە كىشىنىڭ ئۆز كۈچىنى قوللانماسلىقىدىن ئىبارەت ... خىتايلارغا نىسبەتەن ھەيران قالدۇرۇش ۋە ئالداش بەكلا مۇھىم بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىشلىرىنى يوشۇرۇن بېجىرىشكە ۋە ھوقۇقدارلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلىماسلىققا مايىل.(28) خىتاي ئەدەبىياتىدا ئالداشنىڭ رولى كۆپ تەكىتلىنىدۇ. ئەقىل پاراسەتنىڭ زۆرۈرلىكىمۇ ھەم شۇنداق. «ئەقىل-پاراسەت» ــ رېئاللىقتىكى مەخپىي سىگناللارنى بايقاش ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئالداشلارنى ياخشى چۈشەنگەن ــ دانا دۆلەت ئادىمىدۇر. خىتاينىڭ كۆپلىگەن كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە قەھرىمانلارنىڭ باشقىلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خىتايلارغا ئائىت كۆپلىگەن مەشھۇر رومانلارنىڭ، فىلىملەرنىڭ ۋە تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ باش قەھرىمانلىرى تاكى ئاداققىچە ئۆز نىيىتىنى يوشۇرۇش، دۈشمەنلىرىنى ئازدۇرۇش ۋە ھەقىقىي غەرىزىنى مەخپىي تۇتۇشتا ئۇستىلاشقان شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ سەنئەتچىلەر ھىيلە-مىكىرنىڭ نەتىجىسى چىقىشتىن ئاۋۋال ئۇ ھىيلە-مىكىرنى پەملەش ۋە چۈشىنىشتە ئوقۇرمەندىن تىرىشچانلىق ۋە ئەقىل-پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان ئالداش ئىشارەتلىرىنى يەتكۈزۈشتە ۋايىغا يەتكەن شەخسلەر دەپ قارىلىدۇ.(29) 1940-يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئورگىنالىدىن چىققان خۇلاسە ــ بىر مىللىي ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ دۇنياغا باشقا خىل نەزەردە قارايدىغانلىقى ئىدىيىسى ــ زىددىيەتلىكلىكنى ۋە سىياسىي جەھەتتىن ناتوغرىلىقنى ئىسپاتلىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئېلان قىلىنمىغانىدى. بۇ تەتقىقاتنىڭ بىردىنبىر مەۋجۇت كوپىيىسى كونگرېس كۇتۇپخانىسىدا جىمجىتقىنە ياتماقتا.(30) 2000-يىلىغا كەلگەندىلا خىتاي گېنېراللىرى ئارقىلىق بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئومۇمەن توغرا بولغانلىقىنى بىلدىم. خىتايلار ئالداش ئىستىراتېگىيىسىنىڭ مۇھىملىقىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۇلتۇر جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. بۇ خىل ئىدىيەنى يېيىش ئۈچۈن قاتتىق قوللار سېپىدىكى خىتاي گېنېراللىرىدىن ئىككىسى «خىتايلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك كۇلتۇرىنى جانلاندۇرۇش جەمئىيىتى» نامىدا بىر جەمئىيەت قۇرغان.

ئۇلارنىڭ دۆلەتلىك مېدىياسىنىڭ تەسىرى يېگىرمە يىل ئاۋۋال مەن ئۇلار بىلەن تونۇجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاشتى. مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم تاكى ئۇلارنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرى يېقىندا خىتاينىڭ سىياسىتى بولۇپ بەلگىلەنگەنگە قەدەر ئۇلارغا خاتا ھالدا سەل قاراپ كەلگەن ئىدى.

## بەشىنجى خاتا قىياس: خىتاي قاتتىق قوللىرى ئاجىز

كلىنتون ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى **1990**-يىللاردا، مەن خىتاينىڭ ئامېرىكانى ئالداش ئىقتىدارىنى ۋە مۇشۇ تەرز بويىچە بۇگۈنگىچە ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تەرىپىدىن ۋەزىپىگە قويۇلدۇم. ئىستىخبارات مەنبەلىرى ۋە ئېلان قىلىنمىغان ھۆججەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىش، خىتاي ئۆكتىچىلىرى ۋە ئالىملىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ۋە خىتايچە قولىيازمىلارنىڭ ئورگىنالىغا نەزەر ئاغدۇرۇش نەتىجىسىدە. خىتاينىڭ ماڭا ئوخشاش كىشىلەردىن مەخپىي تۇتقان سىرلىرىنى كۆرۈپ يېتىشكە باشلىدىم.
خىتاي ھەققىدە ئادەتكە ئايلانغان، ئۆزۈم ئىشىنىپ يۈرگەن بايانلار بىلەن زىت يىپ ئۇچلىرىنى تۇتۇلاپ چىقىش ئارقىلىق، قىرىق يىلدىن بۇيانقى باشقا تۈرلۈك بايانلارنى بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەن خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىگە خاتا ئۇچۇر بېرىش ۋە ئۇلارنى كولدۇرلىتىش ئارقىلىق ئىستىخبارات، ھەربىي، تېخنولوگىيە، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا خىتاي رەھبەرلىرىگە سۇنغان تەكلىپلىرىنى بايقىدىم. مەن بۇ قاتتىق قوللارنىڭ ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىن باشلاپلا خىتاي رەھبەرلىرىگە مەسلىھەت بېرىشكە باشلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ غەربنىڭ بىر ئەسىرلىك ئار-نومۇس ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش، شۇنداقلا ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، **2049**-يىلى (خىتاي كومۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ **100** يىللىق خاتىرە كۈنى) دۇنيانىڭ سىياسىي لىدىرلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىنى بىلىپ يەتتىم. «يۈز يىللىق مارافون» دەپ ئاتالغان بۇ پىلان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. بۇنىڭدىكى غەرەز ئۆتمۈشتە چەتئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن تارتقان خورلۇقلاردىن ئۆچ ئېلىش ياكى ئۇ خورلۇقلارنى يۇيۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتاي ئۆزىگە نىسبەتەن ئادىل بولىدىغان دۇنيا تەرتىپىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، دۇنياغا خوجىلىق قىلىدىغان ئامېرىكا قالمايدۇ، شۇنداقلا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سانفرانسىسكو ۋە برىتون ئورمانلىقىدا روياپقا چىققان، ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە گېئوپولىتىك تەرتىۋىنى بەلگىلەش يۈزلىنىشى ئۆزگىرىدۇ. خىتاي قاتتىق قوللىرى خىتاي پەقەت ئالدامچىلىق قىلىش ئارقىلىقلا ياكى ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ھەر قانداق قورقۇنچلۇق پىلانىنى (ياتلارنىڭ ئالدىدا) ئىنكار قىلىش ئارقىلىقلا بۇ نىيىتىگە يېتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

مەن خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ خىتاينىڭ غايىسى ۋە ئالداش ئىستراتېگىيىسى تەۋسىيىسى ھەققىدىكى بايقاشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا، ئامېرىكىنىڭ ئىستىخبارات ئانالىزچىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى دەسلەپتە بۇ بايقاشلىرىمغا ئىشەنمەسلىك تەرزىدە ئىنكاس قايتۇردى. ئۇلار مەن بايقاپ چىققان دەلىل-پاكىتلارنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنىدى. (بەختىمگە يارىشا، مەركىزىي ئىستىخبارات دېرېكتورى جورج تېنېتنىڭ ئىنكاسى ئۇلارغا ئوخشاش بولمىدى. **2001**-يىلى بۇ ئەمگىكىم سەۋەبلىك ئۇ مېنى پەۋقۇلئاددە خىزمەت ئىپادىسى مۇكاپاتى بىلەن مۇكاپاتلىدى.) مەن خىزمەتداشلىرىمنىڭ بۇ جەھەتتىكى شۈبھىلىنىشىنى توغرا چۈشىنىمەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى «تىنچلىقپەرۋەرلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈش»ى ئۈچۈن ياردەمگە موھتاج تەرەققىي قىلمىغان دۆلەت قىلىپ تەسۋىرلەپ كەلگىنىگە ئۇزۇن بولدى. خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ يەرشارىغا خوجا بولۇش جەھەتتىكى ھەرقانداق ئارزۇسىنى، ياكى ئامېرىكا بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ئارزۇسىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. ھەقىقەتتە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا يېزىلغىنى دۆلەتنىڭ دۇنياغا خوجايىنلىق قىلىشىنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەرسىلەردۇر.(31) خىتاي رەھبەرلىرى ھەر قاچان باشقا دۆلەتلەرنى «خىتاينىڭ ھەرگىز دۇنيا خوجايىنى بولمايدىغانلىقى» توغرىسىدا خاتىرجەم قىلىپ كەلدى.(32) مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولىدۇ، بىراق ھېچكىمگە خوجايىنلىق قىلمايدۇ ياكى ھېچنېمىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بىزدە خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش پىلانىنىڭ كوپىيە نۇسخىسى يوق. ھەقىقەتەن، خىتايلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانى يوقلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلار پەقەت خىتاينى ئۈچ يۈز يىل ئىلگىرىكى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتە بىرىنى چۆرگىلەتكەندىكى دۇنياۋى سەۋىيىسىگە قايتۇرماقچى.
خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئېنىق ھالدا **2049**-يىلىغا بارغاندا خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئىككى ھەسسە كۈچلۈك بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تېخىمۇ تىنچلىقپەرۋەر ۋە تېخىمۇ ئاز مىللەتچى خىتاينىڭ بۇ چۈشەنچىلىرى غەربتىكى ئاكادېمىيە، ئاقىللار ئامبىرى، مالىيە ئىنىستىتۇتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەردە خىتاينىڭ ئىدىئولوگىيىلىك ھەمشېرىكلىرى ھېسابلانغان كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ بولغان. خىتاي دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشتىن بەكرەك ئىقتىسادىي جەھەتتىن زورىيىشقا قىزىقىدۇ دېگەن قاراشنى كۆككە كۆتۈرۈش ــ مەيلى بۇ قاراشنى كۆككە كۆتۈرگۈچى خىتاي شىركەتلىرىگە مەبلەغ سېلىۋاتقان خۇسۇسىي سەرمايە باشقۇرغۇچىلار ئۈچۈن بولسۇن، ياكى خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىقات ۋە ئىلمىي يىغىنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەبلەغ، رۇخسەت جەھەتتىن ئىقتىدارى بولغان ئەقىل ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئۈچۈن بولسۇن ــ ئەمەلىيەتتە مۇشۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.بىزنىڭ تاشقى سىياسەت مۇتەخەسسىسلىرىمىز، ئىقتىسادشۇناسلىرىمىز ۋە سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا

ئەۋزەللىكنى ئىگىلىگەن بۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ نىيىتى ياخشى، شۇنداقلا دەلىل-ئىسپاتقىمۇ ئىگە. خىتايدا مۆتىدىللەر ئېقىمىمۇ، ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشنى چىن دىلىدىن خالايدىغانلارمۇ مەۋجۇت. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقەتتە مانا مۇشۇ خىل پىكىرنى ئەكىس ئەتتۇرۇپ كەلدى ۋە مۇشۇ خىل پىكىرنى خىتاينىڭ ھەقىقىي ئاۋازى قىلىپ كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن بولۇپ كەلدى.(33)

بىراق، خىتاينىڭ ئەڭ مۆتىدىل چۈشەنچىسى مەسخىرىلىك ھالدا «مۇشۇك ئېيىقنى قوچاقلىغۇچىلار» دەپ ئاتالغانلارنىڭ قارىشىدۇر. بۇ مەن شەرەپ مېدالى سۈپىتىدە نەچچە ئون يىل قوللانغان ئاتالغۇدۇر. بۇلار چەتتە قالغان ئېقىم بولغانلىقتىن، ئوخشاشلا «چەت يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي ۋە ھەربىي تەتقىقات ئورگانلىرىدىن تارتىپ ئامما ئارىسىدىكى ئاددىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارشى دەلىللەرنى باستۇرۇپ قويۇشنى، خىتايدىكى قاتتىق قول مىللەتچىلەرنىڭ ئاۋازىنى يوق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. قاتتىق قوللار بولارنى يەرشارىلىشىش ۋە ئۇچۇر تېخنىلوگىيىسى سەۋەبلىك ئۆتمۈشتە قالغان «ئىش بىلمەسلەر» ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەر دەپ ئاتايدۇ. خىتاي مىللەتچىلىكىنى خىتايدىكى ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە كۆرمەسلىك خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى يولىدۇر. (كاللىمىزنى چۈلغىۋالغان، خىتاي ھەققىدىكى) خام خىيال كەلگۈسى يىگىرمە بەش يىلدا ئامېرىكا ئۈچۈن ئەڭ سەزگۈر دۆلەت مۇداپىئە خىرىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن چوڭ بولغان قاراڭغۇ رايون پەيدا قىلدى. خىتايدا (يەنى خىتاي ھوقۇقدارلىرى ئارىسىدا) مۆتىدىللەر گۇرۇھى بىلەن قاتتىق قوللار گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېقىم بار بولۇپ، بۇلار بېيجىڭدىكى ھۆكۈمەت سارايلىرىدا ۋە توختىماستىن ئېچىلىدىغان يىغىنلاردا خىتاينىڭ كەلگۈسى مودېلى ھەققىدە قاتتىق مۇنازىرىلەرگە غەرق بولغان. بىراق، قاتتىق قوللار گۇرۇھى ۋە مىللەتچىلىك دۇنيا قارىشى بارغانچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، خىتاينىڭ يېڭى رەئىسى شى جىنپىڭ چەمبىرىكىدە مۇتلەق تەسىر كۆچكە ئىگە بولدى. خىتاي قاتتىق قوللىرى ھۆكۈمىتى ئىلكىدىكى يەرشارى ۋاقىت گېزىتى خىتايدىكى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى چوڭ ئاخبارات ۋاستىسى بولۇپ، بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى خۇ شىجىن مۆتىدىللەر گۇرۇھىدىكىلەرنى «خىتاينى ھالاكەتكە ئېتتىرىدىغان راك ھۈجەيرىلىرى» دەپ قارايدۇ. (34) ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدە، رىچارد نىكسون دەۋرىدىن باشلاپ پارلامېنت ۋە باشقا پۈتۈن مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا خىزمەت قىلغان بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن خىتاينىڭ ھەربىي ۋە ئىستىخبارات قۇرۇلۇشلىرى ھەققىدە باشقا ھەرقانداق غەربلىككە قارىغاندا كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشۇم مۇمكىن. خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشىكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مەخپىي ئىنستىتۇتلىرىغا ئاچقان ۋە ھېچبىر غەربلىك ئوقۇپ باقمىغان، (شۇ ئىنستىتۇتلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولمىش) ھۆججەت ۋە يازمىلارنى ماڭا بەرگەنىدى. گەرچە مەن بېيجىڭ دائىرىلىرىنى ۋە «تىنچلىقپەرۋەر، رايىش خىتاي»غا مەبلەغ سېلىۋاتقان ۋاشىڭتون دائىرىلىرىنى بىئارام قىلغان بولساممۇ، خىتايلار ئارىسىدىكى قاتتىق قوللار مېنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى بازارغا سېلىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە دەپ قاراشقانىدى. 1998 – يىلى ۋە 2000 – يىلى، مېنىڭ «خىتايلارنىڭ كەلگۈسى جەڭ قارىشى» (35) ۋە «خىتاينىڭ كەلگۈسى بىخەتەرلىك مۇھىتى ھەققىدىكى مۇنازىرىلىرى» (36) دېگەن نامدا ئىككى ئىلمىي ئەسىرىم نەشىردىن چىقتى. بۇ ئىككى كىتابقا مەن بېيجىڭ سەپىرىمدە توپلىغان ياكى خىتاي ھەربىي قوماندانلىرى ۋە خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ماڭا بەرگەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلگەنىدى. مەن بۇ ئىككى كىتابتا، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ دۆلەتنىڭ (يەنى خىتاينىڭ) دۇنيادا ئوينايدىغان رولى ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىردە بولۇۋاتقان ئىككى گۇرۇھ، يەنى ئۆزۈمنىڭ تەبىرى بويىچە «ئەنئەنىچىلەر» (قاتتىق قوللار) ۋە «رېۋىزىئونىزمچىلار» (تۈزەتمىچىلەر)دىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپنىڭ كۆز قارىشىغا ئورۇن بەرگەنىدىم. مەن بۇ ئىككى كىتابتا كۆز قاراشلىرىنى نەقىل قىلغان گېنېراللار ۋە چەت ئەل سىياسىتى مۇتەخەسسىسلىرى ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ توغرا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا ۋە ۋاشىڭتوندىكى دۆلەت بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدىكى تار دائىرىدە بولسىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولغانلىقىغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈشۈپ، كېيىنكى يىللاردا مېنى تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغانىدى (37).

خىتاينى نەچچە ئون يىل يېقىندىن تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ خىل قاتتىق قول كۆز قاراشلارنىڭ خىتاينىڭ رايون (يەر) سىياسەتشۇناسلىقى مەپكۇرىسىدە چەت (ئىككىلەمچى) ئېقىم ئەمەس، بەلكى ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدىم. بۇلار (يەنى قاتتىق قول كۆز قاراشلار) يۈز مىليونلىغان كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان، خىتاينىڭ دۇنيادا ئالىي ماقامغا يۈكسەلگىنىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ پەردازلانمىغان (ئاشكارا) كۆز قارىشى ئىدى. نەزىرىمىزنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا ئاغدۇرساق، شەكسىزكى، شۇ ۋاقىتتىمۇ (خىتايدا) خەلقئارالىق ئەركىن بازار ئىچىدە بىر گەۋدىلىشىشنى ۋە تېخىمۇ دېموكراتىك ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەركىن (لىبېرال) مۇتەپەككۇرلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. خۇددى ئامېرىكىدا قاتتىق قوللار ۋە مۆتىدىللەر (تىنچلىقپەرۋەرلەر)دىن ئىبارەت ئىككى ئېقىم بولغىنىغا ئوخشاش، خىتاي سەرخىللىرىمۇ ئاتالمىش يېڭى كونسېرۋاتىپلار، مۇداخىلىچىلەر، رېئالىستلار ۋە بېكىنمىچىلەر دېگەندەك پىرقىلارغا بۆلۈنگەنىدى.ئەلۋەتتە، بۇ ئارىدىكى پەرق (ئامېرىكا سەرخىللىرى ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەر بىلەن خىتاي سەرخىللىرى ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەرنىڭ پەرقى، ت) شۇكى، خىتاي سەرخىللىرى ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەر خىتاي جامائەتچىلىكى ۋە غەرب مەتبۇئاتلىرى بىلەن كەمدىن كەم يۈز كۆرۈشىدۇ.خىتايدا بۇ خىل مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا ماس كېلىدىغان

(خەلق تەرىپىدىن) سايلانغان ۋەكىللەردىن تەشكىللەنگەن پارلامېنت ياكى ھەقىقىي ئېچىۋېتىلگەن مۇنازىرە سۇپىلىرى يوق.

غەرب سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى، ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى ۋە ئالىملىرى كەلگۈسى ئون يىلدا دۇچ كېلىدىغان خىرىس شۇكى، ئۇلار (خىتاي سەرخىللىرى ئارىسىدىكى) مۇشۇ خىل مۇنازىرىلەرنى يېپىپ تۇرغان مەخپىيلىك پەردىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مۇنازىرىگە ئىشتىراك قىلغان ھەرقايسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى مۆلچەرلىيەلىشى كېرەك. تا ھازىرغىچە، غەرب سىياسەت ۋە سودا ساھەسىدىكى سەرخىللار ئارىسىدا «خىتاي تىنچ يۈكسىلىشنى خالايدۇ، شۇنداقلا بارغانسېرى ئامېرىكىغا ئوخشايدىغان بىر دۆلەت بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ» دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. **Starbucks**، **McDonald’s** ۋە **Apple** قاتارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ماركىلىرىنىڭ خىتايدىكى شىددەتلىك تەرەققىياتى يۇقىرىقى قاراشنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. پەقەت، يېقىندىن بۇيان ئىلگىرىكىدىن جەڭخۇمارراق خىتاي دۆلىتىنىڭ مەيدانغا چىقىشۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، بەزىلەرنى خىتاي توغرىسىدا **40** يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇمىدۋار خىياللاردىن گۇمانلىنىشقا مەجبۇر قىلدى **(38)**.

داۋاملىق تۇردە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقانلارمۇ ئىنكار قىلالمايدىغان بىر نۇقتا شۇكى، خىتاي بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يۈكسىلىپلا قالماستىن، ئامېرىكا ۋە كەڭ غەرب دۇنياسى خىتاينىڭ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا دەسلىپىدىن باشلاپلا ياردەم قىلىپ كەلدى. بۇ خىل ياردەملەرنىڭ ھالقىلىق مەنبەلىرىدىن بىرى دۇنيا بانكىسىدۇر. **1983** – يىلى، دۇنيا بانكىسىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى دېڭ شياۋپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر گۇرۇپپا ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ خىتاينى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، خىتاينىڭ كەلگۈسى **20** يىلدا قانداق قىلغاندا ئامېرىكىغا يېتىشىۋالالايدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا مەخپىي ھالدا قوشۇلدى **(39)**. لېكىن، بۇ يەنىلا ياردەمنىڭ ھەممىسى ئەمەس. نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايلارنى سەزگۈر ئۇچۇرلار، تېخنىكا، ھەربىي ماھارەت، ئىستىخبارات ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپلىرى بىلەن تەمىنلىدى. دەرۋەقە، خىتايلارغا شۇنچە ئۇزۇن مۇددەتتە شۇنچە كۆپ نەرسىلەر بېرىلدىكى، شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا پارلامېنتى **2005** – يىلى خىتايغا قىلىنغان ياردەمنىڭ ھەددى - ھېسابى يوقلۇقىدىن شىكايەت قىلىشتى. بۇنىڭدىن سىرت، بىز خىتايغا بەرمىگەن نەرسىلەرنى، ئۇلار ئوغرىلاپ ئالدى.

**100** يىللىق مارافوننىڭ كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ مەشغۇلاتلىرى خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلىدۇ. «ئېلىشىش كۈلۈبى» دېگەنفىلىمدىكىگە ئوخشاش، مارافوننىڭ بىرىنچى قائىدىسى مارافون ھەققىدە گەپ قىلماسلىقتۇر.ھەقىقەتەن، بېيجىڭدىكى يەرئاستى ئۆيلىرىدىن مارافوننىڭ تەپسىلاتلىرى كۆرسىتىلگەن ھەرقانداق بىر لايىھەنى تاپقىلى بولمايدۇ. مارافون خىتاي رەھبەرلىرىگە شۇنچىلىك تونۇشلۇقكى، شۇ ۋەجىدىن، ئۇنى يېزىپ قويۇپ ئاشكارىلىنىپ قېلىش خەترىگە تەۋەككۈل قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. لېكىن، نۆۋەتتە خىتايلار بۇ ئۇقۇمنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشقا باشلىدى. بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەيدىغان دەرىجىدە كېچىككەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

مەن **2012** -، **2013**- ۋە **2014** – يىللىرى خىتايغا قىلغان ئۈچ قېتىملىق سەپىرىم جەريانىدا، خىتاينىڭ (مارافون ئۇقۇمى ھەققىدىكى) پوزىتسىيەسىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدىم. مەن ئادىتىم بويىچە، خىتاينىڭ ئاساسلىق ئاقىللار كېڭىشىدە ئۆزۈم نەچچە ئون يىل مابەينىدە ياخشى تونۇغان ئالىملار بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن ئۇلاردىن ئۇلار تېخى بىر قانچە يىل ئاۋۋال ئۆزىنى ئەپقېچىپ يۈرگەن، ھېچبولمىسا ئاشكارا دېيىشكە پېتىنالماي كەلگەن بىر ئاتالغۇ، يەنى «خىتاي يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا تەرتىپى» ھەققىدە ئۇدۇللا سورىدىم. ھالبۇكى، شۇ قېتىمدا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى «يېڭى تەرتىپ» ياكى «يېڭىلىنىش»نىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بۇنىڭ كۈتكىنىدىن تېز بولۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى. ئامېرىكا ئىقتىسادى **2008** – يىلىدىكى خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدە زەربىگە ئۇچرىغاندا، خىتايلار ئامېرىكىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈپ كېلىنگەن ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان چېكىنىشىنىڭ باشلانغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئۇزۇندىن بېرى مېنى خىتاي مەنپەئەتىنىڭ «يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيادىكى كەمتەر رەھبەرلىك»تە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇپ كەلگەن كىشىلەر ماڭا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاينىڭ دۇنيادىكى «تېگىشلىك» ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا ئۆزلىرىنىڭ مېنى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى ئالداپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقىنى ئىدى. ئۇلار بىلىنەر – بىلىنمەس مەغرۇرلۇق ئىلكىدە، ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ سىستېمىلىق، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ خەتەرلىك ئىستىخبارات مەغلۇبىيىتىنى ئاشكارىلاۋاتاتتى. يەنە كېلىپ، بىز مارافوننىڭ مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئامېرىكا ئۇتتۇرۇۋاتاتتى.

# 1

## خىتاي چۈشى

«ئاسماندا ئىككى قۇياش بولسا بولمىغىنىدەك، زېمىندىمۇ ئىككى ھۆكۈمدار بولسا بولمايدۇ» ــــ كۇڭزى

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2013 – يىلى مارتتا ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، ئامېرىكىدىكى خىتاي ۋەزىيىتىنى كۆزەتكۈچىلەر ئۇنى چۈشىنىپ كەتمەيتتى. خىتايدىكى قاتتىق قوللار ئۇنى ئالقىشلىسىمۇ، غەرب كۆزەتكۈچىلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان چۈشەنچىدە، شى جىنپىڭ «كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، قويۇق قارا چاچلىق، يېقىملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان، خىتايدىكى كونسېرۋاتىپلارنى سىياسىي سەھنىدىن سىقىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان، شۇنداقلا كۆزەتكۈچىلىرىمىز ئۇزۇندىن بۇيان چىنپۈتۈپ كەلگەن <خىتاي ئەركىن بازار تىپىدىكى دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلىنىدۇ> دېگەن قاراشنى ئاخىرى تونۇپ يەتكەن، گورباچېفقا ئوخشاش ئىسلاھاتچى» ئىدى. لېكىن، شى جىنپىڭ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ «قايتىدىن قەد كۆتۈرگەن خىتاينىڭ دۇنيادىكى تېگىشلىك ئۈستۈن ئورنىنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقى»دىن ئىبارەت بىر چۈشى (ئارزۇسى) بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ماۋ زېدۇڭ 1949 – يىلى تەختكە چىققاندىلا باشلانغان غايىسى ئىدى. «1949 – يىلى» خىتاي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يۈز يىللىق مارافوننىڭ باشلىنىشى دەپ قارىلاتتى. خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ قاتتىق قوللارنىڭ «复兴之路» «قايتا قەد كۆتۈرۈش يولى» دېگەن ئىبارىسىنى قوللاندى. ئىلگىرى ئىككىلەمچى ئېقىم سۈپىتىدىكى خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇ ئۇقۇم يېڭى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ خاس شوئارىدىن بىرىگە ئايلاندى.

*　　　*　　　*

بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە 1949 – يىلى ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياسالغان ئېگىزلىكى 40 مېتىرچە كېلىدىغان بىر مۇنار بار. كەسپىي ئىجازەت ئالغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىپ تۇرىدىغان ساياھەت يېتەكچىلىرى چەت ئەللىكلەرنى بۇ مۇنارنىڭ يېنىغا ئاپىرىشنى خالىمايدۇ. غەربلىكلەر بۇ مۇنارنىڭ يېنىغا ئۆزى بارالىغان تەقدىردىمۇ، مۇنارنىڭ مەرمەر ۋە گىرانىت تاشلىرىغا ئويۇلغان رەسىم ۋە خەتلەرنىڭ ئېنگلىزچە تەرجىمىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مۇنارنىڭ نېمە نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەيدۇ. بۇ مۇنارنىڭ ئەڭ دەسلەپتىن تارتىپلا «يۈز يىللىق مارافون»غا ھاكىملىق قىلىدىغان تەپەككۇرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەنلىكىنى تېخىمۇ بىلەلمەيدۇ.

بۇ غايەت زور مۇنار ئىنتېرنېتتا، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدىمۇ «خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى» دەپ ئاتىلىدۇ (1). بۇ مۇنار ئەمەلىيەتتە خىتايلارنىڭ غەرب كۈچلىرىنىڭ قولىدا تارتقان، 1839 – يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدا باشلانغان «يۈز يىللىق خارلىق»تىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ چاغدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى ئەنگلىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا نىزاسىدىن كېيىن، ئەنگلىيە خان جەمەتى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ خىتاي پورتلىرىغا بېسىپ كىرىشى بىلەن باشلانغانىدى. بۇ مۇنارغا ئويۇلغان خەت ۋە رەسىملەردە، خىتاينىڭ يۈز يىللىق تارىخى زامان تەرتىپى بويىچە تەسۋىرلەنگەن. بۇ يۈز يىل ــ ئەڭ كەمىدە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدىكىدەك ــ خەلق قارشىلىق ھەرىكەتلىرى، غەرب مۇستەملىكىچىلىكى ۋە 1949 – يىلى ماۋزېدۇڭنىڭ تەختكە ئولتۇرۇپ غەربنىڭ خىتاينى خارلىشىغا خاتىمە بېرىشى بىلەن ئەۋجىگە چىققان پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى بىلەن تولغانىدى.

ئامېرىكىلىق ساياھەتچىلەر ھەركۈنى بۇ مۇنارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى سۈرەتكە تارتىدۇ – يۇ، بۇ مۇنارغا مۇجەسسەملەنگەن، ئۆزىگە (يەنى غەربلىكلەرگە) قارىتىلغان ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلمايدۇ. بۇ مۇنارنىڭ خىتاي خەلقى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يادرولۇق سىمۋوللىرىدىن بىرىگە ئايلانغانلىقى بىز نەزەردىن ساقىت قىلغان يەنە بىر ئۇچۇرنى، «خىتاينىڭ ئادالەت كۈنى كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سىگنالنى بىزگە يەتكۈزىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇنار خىتاي ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سىمۋوللىرىدىن بىرى. (بۇ مۇناسىۋەت جەريانىدا) خىتاي ئۆزى ئىلگىرى ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېلىۋاتقان (نەپ ئېلىۋاتقان) بولسا، ئامېرىكا پۈتۈنلەي زۇلمەت ئىچىدىدۇر.

(خىتايلار دەۋا قىلىدىغان) «خىتاينىڭ يەرشارىدىكى دۆلەتلەر قاتلىمىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى (2). 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ياۋروپا كۈچلىرى خىتاينى «شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئۇقۇم چۆكۈۋاتقان ئوسمان تۈرك ئېمپىرىيەسىگە بېرىلگەن «ياۋروپادىكى كېسەلمەن» لەقىمىنى ئۆرنەك قىلغانىدى. بۇ ئۇقۇم نۇرغۇن خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ غەرب كۈچلىرىگە ۋە باشقىلارغا بولغان نەپرىتىنى كۈچەيتكەن ۋە بۇ خىل نەپرەتنى ھەققانىيلاشتۇرغانىدى. خىتاي ئىنقىلابچى چېن تيەنخۇا 1903 – يىلى «ئەجنەبىيلەر بىزنى <شەرقىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى>، ياۋايى، قالاق ئىرق، دېيىشىدۇ» دەپ ۋايىسىغانىدى (3). ئەدىگەن بۇ يارا خىتاي خەلقئارادا ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى «تېگىشلىك» ئورنىغا ئېرىشمىگۈچە ساقايمايدۇ.

20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خىتاي يازغۇچىلىرى ۋە زىيالىيلىرى چارلېس دارۋىن بىلەن توماس خاكسلىنىڭ ئەسەرلىرىگە قەۋەتلا مەپتۇن بولۇشقانىدى. دارۋىنچە رىقابەت ۋە «ماسلىشالىغانلار هايات قېلىش» نەزەرىيەسى خىتايلار غەربنىڭ قولىدا تارتقان خورلۇقنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا ماس كېلىدىغان يول سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. تەرجىمان، ئالىم ۋە ئىسلاھاتچى يەن فۇ خاكسلىنىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېتىكا» دېگەن ئەسىرىنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان تۇنجى كىشىدۇر. لېكىن، يەن فۇ ئەسلى ئەسەردىكى «تەبىئەتنىڭ تاللىشى» دېگەن ئۇقۇمنى «淘汰» «شاللاش» دەپ تەرجىمە قىلىپ ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ خاتالىق خىتايلارنىڭ دارۋىن نەزەرىيەسىنى چۈشىنىشىدە يېتەكچى رول ئوينىغانىدى (4). شۇ ۋەجىدىن، (خىتايلارنىڭ نەزىرىدە) رىقابەتتە ئۇتتۇرغانلار ئاجىزلار دەپ قارىلىپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە تەبىئەت ياكى سىياسەت دۇنياسىدىن يوقىتىۋېتىلىدۇ. «ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولىدۇ. هاماقەتلەر ئاقىللارغا قۇل بولىدۇ... شۇ تەرىقىدە ئەڭ ئاخىرىدا ساقلىنىپ قالغانلار ئۆز زامانىغا، ماكانىغا ۋە ئىنسانلىق ئورنىغا ئەڭ ماس كەلگەنلەر بولىدۇ» دەيدۇ يەن فۇ (5). ئۇ يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، غەربنىڭ نەزىرىدە «تۆۋەن دەرىجىلىك ئىرقنىڭ بارچە ئەزالىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىرق تەرىپىدىن يوق قىلىۋېتىلىشى كېرەك»لىكىنى يازىدۇ (6). 1911 – يىلى، زامانىۋى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئاتىسى سۇن جۇڭشەن ئۆز پىروگراممىسىدا ئوچۇق – ئاشكارا هالدا ئىرقىي ساقلىنىپ قېلىش نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغانىدى. سۇن جۇڭشەن خىتاينىڭ چەت ئەل كۈچلىرىگە قارشى كۈرىشىنى سېرىق تەنلىكلەرنى بويسۇندۇرۇش، هەتتا يوقىتىش نىيىتىدە بولۇۋاتقان ئاق تەنلىكلەرنىڭ «ئىرقىي يوقىتىش»ىغا قارشى تىركىشىش دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانىدى (7).بۇ تەسەۋۋۇر 1949 – يىلى قايتىدىن قوللىنىلدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرى دارۋىنچە ئىدىيەلەر بىلەن تولغان. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىككى تەرجىمانىنىڭ بىرى بۇ هەقتە «كەلگۈسى كۈرەشتە پەقەت ئاق ۋە سېرىقتىن ئىبارەت ئىككىلا ئىرق بار بولىدۇ، سېرىق تەنلىكلەر ئۆز ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاق تەنلىكلەر بۇ كۈرەشتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقارغان. ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى كارل ماركسنىڭ يازمىلىرىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرىلا، خىتاي مەۋجۇتلۇقىنىڭ خىتايلارنىڭ خاس ئالاهىدىلىكلىرىنى تەكىتلەيدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاشقۇن ئىستراتېگىيەگە باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن (8). شۇ ۋەجىدىن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستراتېگىيە تەپەككۇرىدا، كەسكىن رىقابەتكە تولغان دۇنيادا ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيەسى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن. ماۋ زېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيەسى 1930 – يىللاردا هۆكۈمەت ئارمىيەسىگە ئەسىر بولۇپ قېلىشتىن قېچىپ، روياپقا چىقارغان مەشهۇر «ئۇزۇن سەپەر» مەزگىلىدە، ماۋ زېدۇڭنىڭ يېنىدا پەقەت بىر پارچىلا كىتاب بار ئىدى. ئۇ تارىخىي ساۋاقلاردىن يەكۈنلەپ چىقىلغان دۆلەت ئىدارە قىلىش هەققىدىكى ماهارەتلەر بايان قىلىنغان، غەربتە ئوخشىشى يوق بىر كىتاب بولۇپ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئەڭ مۇهىم قىسىملىرى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» دېگەن نامدا ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى خىتاينىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى تاكتىكىلىرىغا مەركەزلەشكەن ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى هېكايە ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (9). بۇ خىل ئەقلىيە سۆزلەردىن بىرى بولمىش، كۇڭزىغا نىسبەت بېرىلگەن «ئاسماندا ئىككى قۇياش بولسا بولمايدۇ» دېگەن سۆز خىتايلار مەپتۇن بولغان دارۋىنىزم چۈشەنچىلىرى بىلەن يۇكسەك بىردەكلىككە ئىگە (10). كۇڭزىنىڭ بۇ سۆزىنىڭ مەنىسى «دۇنيا تەرتىپىنىڭ تەبىئىتى قاتلاملارغا بۆلۈنۈشتۇر. بۇ خىل قاتلاملىق دۇنيانىڭ ئەڭ ئۈستىدە چوقۇم پەقەت بىرلا هۆكۈمدار بولۇشى كېرەك» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ خىتاي هەققىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقلىرىنىڭ بىرى مەزكۇر كىتاب («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»)قا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقىدۇر. بۇ كىتاب ئەزەلدىن ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ باقمىغان. تاكى 1992 – يىلىغا كەلگەندە، بىز نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ مۇخبىرى خاررىسون سالىسبېرىيدىن شۇنى بىلدۇقكى، ماۋ زېدۇڭ بۇ كىتابتىكى ئىبرەت - ساۋاقلارنى 1935 – يىلى ياخشى كۆرۈپلا قالماستىن، تاكى 1976 – يىلى ئۆلگەنگە قەدەر بۇ كىتابنى تەكرار – تەكرار ئوقۇغان (11). دېڭ شياۋپىڭ ۋە باشقا خىتاي رەهبەرلىرىمۇ بۇ كىتابنى ئوقۇغان. هەتتا، خىتايدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇشۇ كىتابتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ساختىپەزلىك قىلىشنى، دۈشمەننىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى، يۈكسىلىۋاتقان بىر كۈچ (دۆلەت)نىڭ قارشى تەرەپنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە تەمەننا قويغۇزۇشىنى ئۆگىتىدىغان ۋەقەلەردىن تاللاپ تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلارنى كۆچۈرۈپ ئۆگىنىدۇ. بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتۇق.

«نۆۋەتتىكى ئىدىئولوگىيە كۈرىشىدە، سوتسىيالىزم ھەممىدىن ماس كەلگۈچى (تۈزۈم) بولۇش سۈپىتى بىلەن

غەلىبىگە ئاپىرىدىغان پۈتۈن شەرت – شارائىتلارنى ھازىرلىدى» دەيدۇ ماۋ زېدۇڭ تىپىك دارۋىنىزمچە ئابزاستىن بىرنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ(12). **1950** – يىللىرى، ماۋ زېدۇڭ ۋە باشقا خىتاي رەھبەرلىرى پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم بولۇشنى پات – پاتلا تىلغا ئالغانىدى. ئەمما، غەربلىكلەر بۇ خىل سۆزلەرنى «خىتايلارنىڭ دەبدەبىلىك خام خىيالى ياكى مىللەتچىلىك ئەسەبىيلىكىنى كۆرۈكلەشتىكى باشقىلارغا زىيىنى يەتمەيدىغان داۋراڭ» دەپ قاراپ نەزەردىن ساقىت قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئامېرىكىدىكى ئېيزىنخاۋېر، كېننىدى، ترۇمان ياكى نىكسون قاتارلىقلارنىڭ «ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك دۆلەتتۇر» دەپ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن پەرقى يوق ئىدى. خىتايدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»(13) دەپ ئاتالغان مەزگىلدە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى «ئەنگلىيەدىن ئېشىپ، ئامېرىكىغا يېتىشىۋېلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىكى ئەستايىدىللىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلىگەنلەر تولىمۇ ئاز بولدى.

ماۋ زېدۇڭ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆز قارىشىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر خىتايلارنى بىر توپ رادىكاللار تەرىپىدىن يېتەكلەنگەن تەركىدۇنياچى، ئاساسەن ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئىنسانلار دەپ قاراشتى. خىتاينىڭ كوچىلىرى ماشىنا بىلەن ئەمەس، ۋېلىسىپىت بىلەن تولغانىدى. خىتاي ياسىمىچىلىرى توكلۇق شامالدۇرغۇچنىمۇ ياسىيالمايتتى. خىتايغا مەبلەغ سالىدىغان چەت ئەللىكلەرمۇ ئاز ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ غەلىتە مىللەتچىلىك پىلانى غەربلىكلەرنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى ئىدى: ئۇ خىتاينىڭ چەت ئەللەردىكى بارلىق ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلگەنىدى؛ ئۇ دېھقانلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، ھەربىيلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ زىرائەتلەرنى يەپ كېتىۋاتقان قۇشقاچلارنى ئۆلتۈرگۈزگەنىدى. بۇ «بۈيۈك داھى» قۇشقاچلارنىڭ زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدىغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى. شۇنىڭ (يەنى كەڭ كۆلەمدە قۇشقاچ ئۆلتۈرۈشنىڭ) نەتىجىسىدە، خىتايدىكى زىرائەتلەر كەڭ كۆلەملىك ھاشارەت ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى.ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى «خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىلەمچى شېرىكى بولۇشقا رازى بولمايدۇ» دېگەن دوكلاتقا ئىشىنەلمىگەنىدى. خىتايدەك ئارقىدا قالغان بىر دۆلەتنىڭ بىر كۈنلەردە ئامېرىكا بىر ياقتا تۇرسۇن، سوۋېتقا رەقىب بولالىشىدىن ئىبارەت بىر ئىدىيە ئامېرىكىلىقلارغا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى. لېكىن، بىر تۇركۇم كىشىلەر، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا كۈلەلمىگەنىدى. ئۇلار ئامېرىكىدىن خېلى بۇرۇنلا خىتاينىڭ نېمە ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. «مارافون» ھەققىدىكى تۇنجى يىپ ئۇچى موسكۋادىن كەلگەنىدى.

*　　　　*　　　　*

**1950** – يىللىرى، خىتاي ئوچۇق – ئاشكارا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كوممۇنىست دۆلەتلەرنىڭ لىدېرى دەپ ئىتائەت قىلاتتى. خىتايلار يالغاندىن ئاجىز سىياققا كىرىۋېلىپ، تېخنىكىدا يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن رۇسلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن، قوشۇمچە پېرسوناژلىق ماۋ زېدۇڭغا ماس كەلمەيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بۇنى بىلەتتى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايدىن ناھايىتى خەۋپسىرەيدىغان، گۇمانلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خىتاي – ئامېرىكا ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلىشىدىن تېخىمۇ ئەندىشىلىنەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئامېرىكىغا خاتا ئۇچۇر يەتكۈزگەنىدى.

**1961** – يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاناتولىي گولىتسىن ئىسىملىك بىر ئادەم ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خېلسىنكى شۆبىسىنىڭ مەسئۇلىغا يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈش ئىستىكى بارلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە خېلسىنكىدىن ستوكھولمغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىشىغا ياردەم قىلدى(14). ئۇكرائىنادا تۇغۇلغان گولىتسىن 45 ياشتا بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فىنلاندىيەدىكى ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىلىشتىن ئىلگىرى، ك گ ب نىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلان بۆلۈمىدە، ئىۋان كلىنوۋ دېگەن ئىسىمدە خىزمەت قىلغان مايور ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربتىكى ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار ئاخبارات ھۆججەتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە، ستوكھولمدىن ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچىدۇ. «غەربكە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم يۈز ئۆرۈگۈچى»(15) دەپ تەرىپلەنگەن ۋە كېيىنچە داڭلىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «ۋەزىپە: ئىمكانسىزلىق»تا ئۇنى پىروتوتىپ قىلىپ پېرسوناژ يارىتىلغان گولىتسىن يەنە كېيىنكى نەچچە يىلدا ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ئىستىخبارات ساھەسىگە تەلتۆكۈس تەسىر كۆرسەتكەن خىتاي – سوۋېت مۇناسىۋىتى چۈشەنچىسىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

دەسلەپىدىن تارتىپلا، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى گولىتسىنغا ئىشىنىشكە مايىل ئىدى. ئۇمۇ غەربتىكى بىر قانچە داڭلىق سوۋېت جاسۇسىنىڭ ئىسمىنى تەمىنلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ھالقىلىق ياردىمى ئەنگلىيە ئىستىخبارات ئەمەلدارى كىم فىلبىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوش تەرەپلىك ك گ ب جاسۇسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەنلىكى ئىدى.

شۇنداقلا، گولىتسىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا سۇيىقەستچىلىك نەزەرىيەچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇ كېيىنچە ئەنگلىيە باش مىنىستىرى خارولد ۋىلسوننى ك گ ب نىڭ ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىلىرىدىن بىرى دېمەكچى بولغانىدى. ئۇنىڭ سۇيىقەستچىلىك نەزەرىيەلىرىدىن بىرى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن سوۋېت سىياسىي بيۇروسى ئارىسىدىكى كوممۇنىزم دۇنياسىنىڭ كونتروللۇقىنى تالىشىش سەۋەبلىك يۈز بەرگەن ئېغىر بۆلۈنۈش ھەققىدە ئېقىپ يۈرگەن، شۇنداقلا بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىغۋالارغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى.گولىتسىن ئامېرىكىلىقلارنى بۇ ئىغۋالارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە،بۇ ك گ ب



خىتايلارنىڭ ئامېرىكىدىن قىممەتلىك ئاخباراتلارنى ئوغرىلىيالىشى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئالدامچىلىق ئىدى. گولىتسىن ئامېرىكىنى يەنە شۇ خۇسۇستىمۇ ئاگاھلاندۇرغانىدىكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، مەلۇم بىر ۋاقىتتا، باشقا سوۋېت خائىنلىرى ئامېرىكىغا كېلىپ، ئۆز قولىدا خىتاي – سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا ئالاقىدار ئىسپات بارلىقىنى دەۋا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ جاسۇس يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايتتى. دېگەندەك، شۇنىڭدىن ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، گولىتسىننىڭ «بېشارىتى» راست چىقتى.

**1964** – يىلى يانۋاردا، يۇرى نوسېنكو ئىسىملىك ك گ ب جاسۇسى جەنۋەدىكى ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر خىزمەتچىسى بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆردى. ئۇ غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن قوش تەرەپلىك جاسۇسلۇق قىلغانىدى. كېيىن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چاقىرىلدى – دە، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە قايتىپ بارسا تۇرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، خىتاي – سوۋېت مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كۆز قاراشلارنىڭ نۇرغۇنىغا قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خىتاي – سوۋېت ئارىسىدىكى ئېغىر زىددىيەتكە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ گولىتسىننىڭ «خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا زىددىيەت بار دېگەن گەپلەرنىڭ ئاساسى يوق» دېگەن سۆزىگە تۈپتىن زىت ئىدى. (خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى) قىياس قىلىنغان بۇ زىددىيەت ئەمەلىيەتتە شۇ دەرىجىدە ئېغىر ئىدىكى، مەزكۇر ئىككى دۆلەت شۇ سەۋەبلىك چېگرادا توقۇنۇشقان، ھەتتا بۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلگەنىدى (16). ئۇ (يۇرى نوسېنكو) ك گ ب تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلگەن، خىتاينى تېخىمۇ زور كۈچكە ئىگە قىلىدىغان خىتاي ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقى شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قەستەن خاتا ئۇچۇر تارقىتىدىغان جاسۇسنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئەكسىچە دەل گولىتسىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ خەلقئارا كوممۇنىزم سىستېمىسىغىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم بولۇش ئويى بارلىقىنى دوكلات قىلدى.

بۇ ئىككى ئۇچۇر مەنبەسى تەمىنلىگەن زىددىيەتلىك كۆز قاراشلار ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى تەڭقىسلىقتا قويدى. بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى كۈچلۈك كوممۇنىستىك دۆلەت ئارىسىدا زىددىيەت بار دېگەن كۆز قاراشنىڭ ئىچكىرىلەپ قېزىش، پايدىلىنىش قىممىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكىلىقلار بىر كوممۇنىستىك دۆلەتنىڭ ئىدېئولوگىيە سەۋەبلىك چوقۇم يەنە بىر كوممۇنىستىك دۆلەتنى قوللايدىغانلىقىغا ۋە غەربنىڭ ئۆز ئارىسىدىن يوچۇق ئېچىشتىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. تەدرىجىي ھالدا، ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەر يۇرى نوسېنكوغا ئىشەنمەسلىكتە ئورتاق قاراشقا كەلدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ بۇ مەيدانى (يەنى خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا زىددىيەت يوق دېگەن يەكۈنگە كېلىشى، ت) شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا خىتاي بىلەن بولغان مۇئامىلىسى جەريانىدىمۇ داۋاملاشتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار خاتالاشقانىدى.

نوسېنكو «توقۇپ چىققان ھېكايىلىرىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن» دېگەن ئۈمىدتە ئايرىم قاماپ قويۇلدى. ئەمما، ئۇ ئۈچ يىللىق قاماقتىن كېيىنمۇ (خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا زىددىيەت بار دېگەن) «ھېكايىسى»دىن ياكى ئىشەنچىسىدىن يانمىدى. نىھايەت، بەزى ئامېرىكىلىق تەھلىلچىلەر نوسېنكو ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ تۇرغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى خىتاي – ئامېرىكا ئىتتىپاقى شەكىللەندۇرۇشتىن ئىبارەت جەزىبىدار تەسەۋۋۇرغا ئۈمىد بىلەن بېقىشقا پېتىندى. ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ۋە فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن، خەلقئارالىق ئاخبارات توپلاش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا، مەن بۇ ئىشنىڭ ئىچىگە كىردىم.

* * *

**1969** – يىلى، ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قولىدا بۇ مۇنازىرىنى ئاياغلاشتۇرالىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدىغان ئىككى كوزىر بار ئىدى. بىرىنچىسى، ك گ ب نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى پائالىيەتلەر بۆلۈمىدىكى يارامىلىق بىر ئادەم. ئىككىنچىسى، سوۋېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلالايدىغان بىر شەخس. ئەمما، بەختكە قارشى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن پايدىلانغىلى بولمىدى. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي – سوۋېت مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت تېپىشماقنى يېشىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىغا كارغا كېلىدىغان (تۆۋەن دەرىجىلىك) مەنبەلەردىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى ۋاقىتتا (نامزات سۈپىتىدە)، نيۇيوركقا جايلاشقان، سوۋېتچە ئىدىيەدىكىلەر بىلەن تولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كاتىبات باشقارمىسىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئاددىي ئاسپىرانت بار ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەن 24 ياشتا بولۇپ، باش كاتىپنىڭ ئىشخانىسىدا سىياسىي ئىشلار خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. مەن بۇ خىزمەتكە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر پىروفېسسورىمنىڭ ياردىمىدە ئورۇنلاشقانىدىم. گەرچە مەن تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەت ئورنىدا بولساممۇ، ئەمما مەن بۆلۈمدىكى بارچە ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدىغان بىردىنبىر ئامېرىكىلىق ئىدىم. مېنىڭ (ئالدىنقى قېتىملىق خىزمەت ئورنۇمدا ئالغان) بىخەتەرلىك ئىجازەتنامەم بولغاچقا ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشخانىلىرىغا قەرەللىك كىرىش پۇرسىتىم بولغاچقا، مەن فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش



ئىدارىسى ۋە مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۈچۈن ناھايىتى
روشەن بىر نىشان (نامزات) ئىدىم.

4 - ئاينىڭ مەلۇم بىر بۇلۇتلۇق دۈشەنبە كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن
8:35 دە، مەن 1 – چوڭ كوچا 42 – كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا قاتناش
قىستاڭچىلىقىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم. پۈتۈن
كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا كەلگۈچە سوزۇلغان،
دىپلوماتلارغا خاس نومۇر تاختىسى ئېسىلغان ھەشەمەتلىك
قارا پىكاپلار نيۇيوركتىكى ئىرلاندىيەلىكلەردىنمۇ كۆپ ئىدى.
مەن ئىككى ئاي بۇرۇن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ
كاتىبات باشقارمىسىدا سىياسىي تەھلىلچى بولغاندىن
تارتىپ، بۇ يولدىن نۇرغۇن قېتىم ماڭغانىدىم. ئەمما، شۇ كۈنى
مېنىڭ خىزمىتىم ئۆزگەرگەنىدى. مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى
ئۈچۈن جاسۇس بولۇپ ئىشلەشكە قوشۇلغانىدىم.

مەن بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئىككى كىشى مەركىزىي
ئاخبارات ئىدارىسىدىكى «پېتىر» ۋە فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش
ئىدارىسىدىكى «ئالاھىدە خادىم سىمىس» ئىدى. ئامېرىكا
دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى ھېنرىي كىسسىنجېر
ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈر مەنبەسىدىن خىتاي – سوۋېت
يىرىكچىلىكىنىڭ مۇمكىنچىلىكى جەھەتتە پايدىلانغىلى
بولىدىغان ھەرقانداق ئاخباراتلارنى توپلاش ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرغانىدى. خىتاينىڭ (خىتاي – سوۋېت مۇناسىۋىتى
جەريانىدا) ئىشەنچىلىك، تۇتۇرۇقسىز، ھەتتا خەتەرلىك
دېگەندەك، قانداق تىپتىكى ھەمراھقا ئايلىنىدىغانلىقىنى
بىلىشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. مېنىڭ ئامېرىكىلىق
خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئەس – يادى «بىز قانداق قىلغاندا
بېيجىڭنى موسكۋاغا قارشى كوزىر قىلىپ قوللىنالايمىز؟»
دېگەن مەسىلىگە مەركەزلەشكەنىدى. بۇ پۈتۈن جەريان 1969 –
يىلى 8 – ئايدا كالىفورنىيە ئىشتاتىنىڭ سان كىلىمېنت
شەھىرىدىكى ئاتالمىش غەربىي ئاق سارايدا ئۆتكۈزۈلگەن،
پىرېزىدېنت نىكسون رىياسەتچىلىكىدىكى ئاسىيانىڭ
كەلگۈسى مۇھاكىمە قىلىنغان يىغىنغا قەدەر كۆچىيىپ
بارغانىدى.
جاسۇسلۇق دەسلەپتە ماڭا جون لې كاررېنىڭ ۋەھىملىك
رومانلىرىنى ۋە جامىس باندنىڭ فىلىملىرىنى ئەسلەتكەن
بولسا، ناھايىتى تېزلا (ئاچچىق) رېئاللىقا يۈزلىنىشكە مەجبۇر
بولدۇم. مېنىڭ (خىزمەتتە ئىشلىدىغان) مەخپىي ئىسمىم 007
دېگەندەك ئۆزگىچە، سىرلىق ئىسىم ئەمەس ئىدى(17). خىتاي
– سوۋېت مەسىلىسى ھەققىدىكى ئەڭ چوڭقۇر دوكلات
مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ESAU ۋە POLO دەپ
ئاتالغان ئۇزۇن سەھىپىلىك تەتقىقات نەتىجىسى ئىدى(18). (بۇ
دوكلاتتا) دەلىل – ئىسپاتلار بىر – بىرىگە ئارىلىشىپ
كەتكەنىدى.ھېنرىي كىسسىنجېرنىڭ مەسئۇللۇقىدىكى دۆلەت
بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ خىتاي بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش – ياخشىلىماسلىق
مەسىلىسىدە تەڭ نىسبەتتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.
ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 1969 – يىلىدىكى يىغىندا
كۆرۈلگىنىدەك، پىرېزىدېنت نىكسوننىڭ «خىتاي سوۋېت
ئىتتىپاقىدىنمۇ خەتەرلىك تەھدىت، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز
خىتايغا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش
سىستېمىسىغا موھتاج» دېگەن كۆز قارىشىنى قوللىدى. 1969
– يىلى 1 – ئايغا كەلگۈچە، كىسسىنجېرنىڭ
مەسلىھەتچىلىرى كىسسىنجېرغا ۋە پىرېزىدېنتقا سۇنغان
نوتىدا بۇگۈن «خىتايغا ئېچىۋېتىلىش» دېگەن نامدا مەشھۇر
بولغان سىياسەتكە قارشى تۇرغانىدى. نىكسوننىڭ خىتاينى
زىيارەت قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىق خەۋىرى كىسسىنجېرغا
يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ بۇ ھەقتە «ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس»
دېگەنىدى (19).

مەن سائەتلەپ ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇ دوكلاتلارنى ئوقۇپ چىقتىم،
بۇ دوكلاتلاردا كۆرسىتىلگەن خىتاينىڭ غايىلىرى ھەققەتەن
ئادەمنى چۆچۈتەتتى. 1960 – يىلىدىن 1962 – يىلىغىچە، مەن
ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ Iron Bark دەپ
ئاتالغان بىر يۈرۈش ھەرىكەتلىرى داۋامىدا مىكرو تىپلىق
جاسۇسلۇق فوتو ئاپپاراتىدا تارتىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
نەچچە مىڭ بەتلىك مەخپىي ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم.
ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى، بۇ ھۆججەتلەر
موسكۋادىكى ھەربىي رەھبەرلەرنىڭ ئاللىقاچان خىتاينى
شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن ئوخشاش
خەتەرلىك دەپ قارىغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. مەن يەنە
نيۇيوركتىكى فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ SOLO،
TOP HAT ۋە FEDORA دېگەن نامدا ئۈچ جاسۇسلۇق
ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن؛ بۇ ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ
بېرىۋاتقانلارنىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنىڭ
ئىسپاتلانغانلىقىدىن، شۇنداقلا سوۋېت سىياسىي
بيۇروسىنىڭ ئىچكى مەشغۇلاتلىرىنى يېقىندىن بىلىش
ئىمكانىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتىم(20). لېكىن،
فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى ۋە مەركىزىي ئاخبارات
ئىدارىسى كىسسىنجېر ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى تەرىپىدىن
ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ماڭا بۇ
ئاخباراتلارنى تېخىمۇ تەپسىلىيلەشتۈرگۈزمەكچى بولدى.

كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ئىشخانىلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر
تەشكىلاتى بىناسىنىڭ 35 – قەۋىتىدە ئىدى. مەن بۇ يەردە
ئۇچراتقان، كىشىدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان سوۋېت
ئىتتىپاقى خىزمەتچىسى سېمىزرەك كەلگەن، ئاق چاچلىق،
مىجەزى ئوچۇق، ئاركادى شېۋچېنكو دېگەن كىشى ئىدى. مەن
ئۇنى ياخشى چۈشىنىشكە باشلىدىم. 39 ياشلىق شېۋچېنكو
خۇمارى ناھايىتى كۈچلۈك ھاراقكەش بولۇپ، مارتىنى ھارىقى
ئۇنىڭ دائىملىق تاللىشى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇ دائىم
مانخاتتاندىكى La Petite Marmite دېگەن فىرانسىيە
قاۋاقخانىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن گەپ سېتىپ ئولتۇراتتى. مەن
نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېگەنىدىم،
ئۇ تاماق جەريانىدا ئامېرىكىدىكى (چەت ئەللىك
خىزمەتچىلەرنى ئۆز دۆلىتىنىڭ (ئامېرىكىدا تۇرۇۋاتقان)
مەمۇرىي خادىملىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈۋاتقاندەك تەسىر بېرىپ
قويماسلىققا ئۈندەيدىغان ساختا كېلىشىملەرنى مازاق قىلىپ
قوياتتى. ئۇ مېيىقىدا كۈلگەچ، ئامېرىكىدا (خىلمۇخىل
شىركەتلەردە) ئىشلەۋاتقان رۇسىيەلىكلەرنىڭ ھەركۈنى ئۇنىڭ
سوۋېت ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى ئىشخانىسىغا كېلىپ ئۆزىنى



ئاخبارات بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.1969 – يىلى 4 – ئايدا، مەن ئۇنىڭ دوستلۇقىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى خىتاي – سوۋېت چېگراسىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق توقۇنۇشتا خىتايلارنىڭ قىلغان ۋەھشىيلىكلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئەينى چاغدا، ئامېرىكا ئىستىخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ۋەقەدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شۇ قېتىملىق توقۇنۇش خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق قىسىملىرىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىشى بىلەن باشلانغانىكەن. ئۇ يەنە ماڭا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىزىم دۇنياسىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق دۇنياغا خوجا بولۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ خىتايغا ئۆچلۈكىنى ۋە خىتايدىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەچچە ئون يىل مابەينىدە، خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان «ئاجىزە»لىك رولىنى شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە بۇ قەدەر بىۋاستە خىرس قىلىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنىدى.

ب د ت نىڭ باش شىتابىدىكى شىمالىي ۋەكىللەر ئارام ئېلىش ئۆيىدە، شېۋچېنكو بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئالاھىدە كۆرۈشۈشىمىز ھېلىھەم ئېسىمدە. شېۋچېنكو خىتاينىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى ئەھۋاللار مەزمۇن قىلىنغان بىر يۇمۇرنى سۆزلىگەندە، مەن ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي كۈلۈۋەتكەنىدىم. ئۇ يۇمۇردا، سوۋېت رەھبىرى لېئونىد برېژنېۋ ئامېرىكا پىرېزىدېنتى نىكسونغا تېلېفون قىلىدۇ:

ــ ك گ ب نىڭ مەلۇماتىچە، سىزنىڭ قولىڭىزدا 2000 – يىلىدىكى ئىشتىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى بىر كومپيۇتېر بارمىش، ـــ دەپ سورايدۇ برېژنېۋ.
ــ شۇنداق، بىزدە ئاشۇنداق كومپيۇتېردىن بىرسى بار، ـــ دەيدۇ نىكسون.
ــ ئۇنداقتا، پىرېزىدېنت ئەپەندىم، شۇ چاغدا (2000 – يىلغا بارغاندا) بىزنىڭ سىياسىي بيۇرومىزدا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
نىكسون بىر ھازاغىچە ئۈندىمەيدۇ.
ــ ھا ھا ھا! قارىغاندا كومپيۇتېرىڭىزمۇ ئۇنچىۋالا قالتىس ئەمەسكەن جۇمۇ، ـ دەيدۇ برېژنېۋ نىكسونغا.
ــ يوقسۇ، باش سېكرېتار ئەپەندىم، كومپيۇتېر سىز سورىغان سوئالنىڭ جاۋابىنى چىقىرىپ بەردى، لېكىن مەن ئوقۇيالمىدىم، ـ دەيدۇ نىكسون.
ــ نېمىشقا ئەمدى؟ ـــ ھەيران بولىدۇ برېژنېۋ.
ــ چۈنكى، ئۇ ئىسىملار خىتايچە يېزىلىقكەن.

بۇ يۇمۇر زىيادە بىمەنىلىكى سەۋەبلىك قىزىقارلىق ئىدى. كېلەچەك ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قورسىقىنىمۇ تويغۇزالمايۋاتقان، ماركسىزمچى قالاق بىر دۆلەتكە مەنسۇپ دېيىش كىشىگە ھەقىقەتەن بىمەنە تۇيۇلاتتى. لېكىن، مەككار رۇسلار بىز كۆزدىن قاچۇرۇپ قويغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

مەن ئىدارىدىكى يېۋگېنى كۇتوۋوي، ۋىلادىمىر پېتروسكى ۋە نىكولاي فوچىن قاتارلىق باشقا رۇسلار بىلەنمۇ پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان سورۇنلاردا ماڭا ئاشۇ يۇمۇرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەينى چاغدا، بۇ يۇمۇر ماڭا قىزىقارلىق تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ھېچقاچان بۇ يۇمۇردا تەكىتلەنگەن ئۇچۇر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقماپتىكەنمەن.

مەن ۋاقتىمنىڭ كۆپىنچىسىنى سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىدە مەندىن بىر كورىدور نېرىدىكى ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان كۇتوۋوي بىلەن ئۆتكۈزەتتىم(21). بىزنىڭ باشلىقىمىز پېتروۋسكى بۇ يەردىكى خىزمىتىنى تاماملاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. كۇتوۋويمۇ يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇگوسلاۋىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولاتتى. ئۇ ئىككىسى شېۋچېنكوغا ئوخشاشلا مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنى ياقتۇرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىككىلىسى 30 نەچچە ياشلاردا ئىدى. ئۇلار ھەتتا خىتاي – سوۋېت توقۇنۇشى تارىخى ۋە خىتايلارنىڭ نامەردلىكى ھەققىدە ماڭا تەلىم بېرەتتى. كۇتوۋوي ماڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ھەربىر ھالقىلىق ئورۇنغا سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، زامانىۋىي كوممۇنىستىك خىتاي دۆلىتىنى ماھىيەتتە ئۆزلىرى (سوۋېت ئىتتىپاقى) قۇرۇپ چىققانلىقىنى؛ خىتايغا قورال – ياراغ بېرىش، ھەربىي تەلىم – تەربىيە، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتايدىن ئىبارەت ئىتتىپاقدىشىنى زامانىۋىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى؛ لېكىن، 1953 – يىلى جوسېف ستالىننىڭ ئۆلۈشى بىلەن، (خىتاي – سوۋېت ئارىسىدىكى) مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتتى.

كۇتوۋوينىڭ دېيىشىچە، ھازىر سوۋېت رەھبەرلىرى خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېشىپ كېتىشىنى چۈشەۋاتقانلىقىغا، ھەتتا بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىنى نىشان قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىدا، خىتاي «مۇئاۋىنلىق»قا رازى بولمىغاچقا، ئۆزى بىلگەن مۇقامغا يورغىلايدىكەن، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە خىتاينىڭ مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىپ، دۇنيا سەھنىسىدىكى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنىشقا تىرىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. كۇتوۋوي يەنە ئامېرىكا خىتاينىڭ دامىغا چۈشسە ئۆزى تەلەپ قىلغاندىنمۇ كۆپرەك نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى.
 سوۋېتلىقلار يەتكۈزگەن ئاساسلىق ئۇچۇر شۇكى: خىتايلار ئۆزىنىڭ دۇنيا پىرامىداسىنىڭ چوققىسىدىكى ئورنىغا يېتىشتىن ئىبارەت تارىخىي غايىسىنى قوغلىشىدۇ. كۇتوۋي ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي تارىخىدىن چىقىرىلغان ئىبرەت – ساۋاقلار خىتايلارنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇشقا ۋە پەيتى يېتىپ كەلمىگۈچە بۇ نىيىتىنى مەخپىي تۇتۇشقا ئۈندەيدىكەن. ئۇ يەنە ئامېرىكا سادىر قىلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ خاتالىقنىڭ خىتايغا ھەربىي ياردەم بېرىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ ماڭا ئۆز كۆز

قارىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان، رۇس ئالىملىرى يازغان خىتاي قەدىمىي تارىخى توغرىسىدىكى ئىككى كىتابنى سوۋغا قىلغانىدى.1971 – يىلىدىكى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى دوكلاتىدا مېنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى پرېزىدېنت نىكسوننىڭ خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا ساپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشىغا زىيادە جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇپ كەتمەيدۇ» دېگەن يەكۈنمگە ئوخشاش بەزى بايقاشلىرىم نەقىل قىلىندى (22). 1973 – يىلىغا كەلگەندە موسكۋا «ئەگەر ئامېرىكا خىتاي بىلەن نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ھالقىپ، ھەربىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرسە، سوۋېت ئىتتىپاقى قورال كۈچى ئىشلىتىدۇ» دەپ نىكسوننى بىۋاستە ئاگاھلاندۇردى. كىسسىنجېرنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇ ئاللاشنى مۇھاكىمە قىلاتتى، شۇنداقلا مەن كىسسىنجېر (كېيىنچە) ناھايىتى مەخپىي ئىجرا قىلغان نوتىدا (خىتايغا) بىۋاستە ياردەم قىلىشنى قۇۋۋەتلەپ، قارىشىمنى بايان قىلغانىدىم (23).

مەن كۈتۈۋىنى ياقتۇراتتىم ۋە ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىغانىدىم. لېكىن، 1969 – يىلىدا (يەنى ئۇ ماڭا شۇ ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ بەرگەن ۋاقىتتا) مەن ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ئىدىم. (ئۇنىڭ خىتاي توغرىسىدا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلىرى) ماڭا گويا بۇرۇنقى قىز دوستى ھەققىدە «ئۇ مېنىڭ يۈرىكىمنى زېدىلىگەنىدەك، ساڭىمۇ چوقۇم ئازار بېرىدۇ» دەۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش ئاڭلىناتتى. ئەينى چاغدا، خىتاي ئىقتىسادى ئارانلا ئامېرىكا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ % 10 ىگە توغرا كېلىدىغاندەك دەرىجىدە زەئىپ ئىدى. شۇڭلاشقا، شۇ ۋاقىتتىكى خىتاينىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشنى خىيال قىلالىشى رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراقتەك كۆرۈنەتتى. ۋاشىڭتون دائىرىلىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى «خىتاي يېڭى بىر جورىغا موھتاج» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. پرېزىدېنت نىكسون خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش – ئورناتماسلىق ھەققىدە قارار بەرمىسە بولمايتتى. چۈنكى، كېيىنكى نەتىجە – ئاقىۋەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇ مۇناسىۋەتنى باشلاش ئەينى چاغدا ھەرقانداق بىرىمىز ئويلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان دائىرىدىن ھالقىغان دەرىجىدە زور تەسىرگە ئىگە ئىدى.

خىتايلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پايدىلانغاندەك، باشتىن ئاخىر ئۈچىنچى رەقىبكە قارشى ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋەدىسى ئارقىلىق ئامېرىكىدىنمۇ پايدىلاناقچى ئىدى. خىتايلار سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋامىدىمۇ «مارافون»غا ئەنە ئاشۇنداق دىرىژورلۇق قىلغانىدى. ئۇلار دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان دۈشمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېتتىن ياردەمگە ئېرىشتى. كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھالىدىن كەتكەندە، بىر ئۆرۈلۈپلا سوۋېتقا قارشى تۇرۇش نامىدا ئامېرىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ جەرياندا، خىتايلار ئۆزىنىڭ «باشقىلارنىڭ قولىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش»(25) تىن ئىبارەت يەنە بىر قەدىمىي تاكتىكىسىنى نامايەن قىلدى.

* * *

شۇنىڭدىن 40 يىل كېيىن، شى جىنپىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇپ (بۇ ھەم ئۇنىڭ دۆلەت رەئىسى بولىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى) ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىزنى خىتاينىڭ يوشۇرۇن نىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق نۇتقىدا، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خىتاي رەھبەرلىرى ھېچقاچان ئاشكارا نۇتۇقلىرىدا ئىشلىتىپ باقمىغان «强中国梦» «قۇدرەتلىك جۇڭگو چۈشى» دېگەن ئىبارىنى قوللاندى (26).

بۇ ئىبارە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. چۈنكى، خىتاي رەھبەرلىرى غەرب سىياسەتچىلىرىگە قارىغاندا، قوللانغان ئىبارىلىرىگە بەكلا دىققەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ جامائەت سورۇنلىرىدا. (ئادەتتە) ئۇلار ئاشكارا سۆزلىرىدە «چۈش» ياكى «ئۈمىد» دېگەندەك كەلىمىلەرنى ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىشىدۇ. بۇ خىل ھېسسىي كەيپىياتلارنى ئىزھار قىلىش (خىتايدا) غەربلىكلەرنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى، شى جىنپىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى نۇتۇقلىرىدا «خىتاي چۈشى» دېگەن ئىبارىنى تەكرار قوللاندى. «ۋال كوچىسى گېزىتى»نىڭ باش بەت خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، شى جىنپىڭ «خىتاي چۈشى»نى 2049 - يىلى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ دېگەن. بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ تەختكە چىققىنىغا ۋە كوممۇنىستىك خىتاي دۆلىتىنىڭ شەكىللەنگىنىگە توپتوغرا يۈز يىل بولغان ۋاقىتتۇر(27).

شى جىنپىڭ بۇ ئىبارىنى خالىغانچە ياكى دىققەت قىلماي ئىشلەتكىنى يوق. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كونا ئەسكىرى ۋە خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ سابىق كاتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ خىتاي ئارمىيەسى ئىچىدىكى «دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق قول» مىللەتچىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. مەن يەرلىك خىتايلار بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق شۇنى بايقىدىمكى، شى جىنپىڭنىڭ نۇتقىنى تىڭشىغانلار ئارىسىدىكى خىتاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ چىققانلار ۋە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ «خىتاي چۈشى» دېگەن سۆزىنى شۇئان «قۇدرەتلىك دۆلەت چۈشى» دەپ چۈشىنەلىگەن.

شى جىنپىڭ «قۇدرەتلىك دۆلەت چۈشى» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىشتا، 2009 – يىلى خىتايدا نەشر قىلىنغان، غەربتە بىر مەھەل نامسىز قالغان «خىتاي چۈشى» دېگەن كىتابتىن پايدىلانغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىكى ليۇ مىڭفۇ بولۇپ، كېيىن ئۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بولغۇسى گېنېراللىرىنى تەربىيەلەيدىغان خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملاردىن بولۇپ خىزمەت قىلغان. مەن قولىڭىزدىكى «يۈز يىللىق مارافون» دېگەن كىتابىم ئۈچۈن تۇنجى، مەخسۇس يازما پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى مانا مۇشۇ كىتابتا بايقىغانىدىم (28).

«خىتاي چۈشى» خىتاي مەملىكەت مىقياسىدا ئەڭ بازارلىق كىتابقا ئايلاندى. پەقەت بىر بۆلۈكى ئېنگىلىزچىگە تەرجىمە

قىلىنغان بۇ كىتابتا، خىتاينىڭ قانداق قىلىپ دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقى، قانداق قىلىپ ئامېرىكىدىن ئېشىپ، كەينىدىن ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. بۇ كىتابتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېمىشقا ئامېرىكىنى سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىگەنلىكى تەھلىل قىلىنغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدىغان سەككىز تۈرلۈك تىرىشچانلىقى ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىلغان (29). ليۇ مىڭفۇ ئۆزىنىڭ سۆزى سۈپىتىدە قوللانغان «يۈز يىللىق مارافون» ئىبارىسى خىتاي دۆلەت مىقياسىدا كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغىغان، گەرچە «مارافون» كەلىمىسى ئېنگلىزچىدىن كەلگەن بولسىمۇ. بۇ ئۇقۇمنى خىتايچىدە خىتاينىڭ «ئادىل» دۇنيا تەرتىپى ئاستىدا «ئەسلىگە كېلىشى» ياكى ئاشۇ كىتابنىڭ ماۋزۇسىدىكىدەك «خىتاي چۈشى» دېگەندە، چۈشىنىش تېخىمۇ ئاسانراق. خىتايچىدىكى «ئەسلىگە كېلىش» ياكى «复兴» «قايتا گۈللىنىش» سۆزلىرى، 1949 – يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 100 يىل ۋاقىت ئالىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان «مارافون» ئۇقۇمى بىلەن مەنىداشتەك كۆرۈنىدۇ. خىتاي قايتا گۈللىنىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ قويۇشتىن سىرت، بۇ مارافوننىڭ ئاداققى ھالىتىگە نىسبەتەن ھەم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ھەم سەزگۈر بولۇش پوزىتسىيەسىدە. يەنى، خىتاي ئاخىرقى «复兴» «قايتا گۈللىنىش» ئىشقا ئاشقاندا، ئۆزىنىڭ زادى قانداق بىر ھالدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچنەرسە دەپ باقمىدى.

ليۇ مىڭفۇ كىتابىدا دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار ھەربىي كۈچى ئارقىلىق خىتاينىڭ دۇنيادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ(30): «خىتاينىڭ 21 – ئەسىردىكى بۈيۈك غايىسى دۇنيادىكى 1 – نومۇرلۇق كۈچكە ئايلىنىشتۇر. خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بىردەمدىلا ئاياغلىشىدىغان <قوراللىق دۇئېل> ياكى <بوكس مۇسابىقىسى>گە ئوخشىماستىن، <يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسى>گە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ رىقابەت ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان <مارافون>غا ئوخشىشى مۇمكىن. مارافون ئاياغلاشقاندا، دۇنيا ھۆكۈمدارى بۇ پىلانېت (يەرشارى)تىكى ئەڭ پەزىلەتلىك كۈچ ــ خىتاي بولىدۇ» (31).

2010 – يىلى ئامېرىكا رادىيو شىركىتىنىڭ مۇخبىرى ليۇ مىڭفۇدىن ئۇنىڭ كۈشكۈرتكۈچ مەزمۇنلار بىلەن تولغان بۇ كىتابى ھەققىدە سورىغاندا، ليۇ مىڭفۇ كىتابىنىڭ مەركىزىي مەۋقەسىدە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاينىڭ غەرب بىلەن بولغان رىقابىتى ۋە ئاداققى غەلىبىسىنىڭ تىنچ شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ كىتابىنىڭ ئەسلى خىتايچە نۇسخىسىنى ئوقۇيالايدىغان بىزگە ئوخشاش كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ كىتابىدىكى پوزىتسىيەسى بىلەن بۇ يەردە مۇخبىرغا بەرگەن جاۋابى پەرقلىق ئىدى. بۇ پولكوۋنىك كىتابىدا ئامېرىكىنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە غەرب خىتاينىڭ ھەقىقىي ئويۇن تاكتىكىسىنى چۈشەنگەن ھامان ئامېرىكىغا زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە چالا - بۇلا توختالغان(32).



ئۇ كىتابىدا ھەتتا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ رەسمىي مارافون ئىستراتېگىيەسى بارلىقىغا ئىشارەت قىلغان ۋە ماۋ زېدۇڭنى مەدھىيەلەپ، «ئۇ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشتەك بۈيۈك پىلاننى ئوتتۇرىغا قويالىغان ۋە <ئامېرىكىنى مەغلۇپ قىلىش خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان ئەڭ زور تۆھپىسى بولىدۇ> (33) دېيىشكە جۈرئەت قىلالىغان» دېگەن. «ۋال كوچىسى گېزىتى» 2013 – يىلى ئاشكارىلىغاندەك، «خىتاي چۈشى» دېگەن كىتاب دۆلەت كونتروللۇقىدىكى بارلىق كىتابخانىلاردا «تەۋسىيەلىك ئوقۇشلۇقلار» قاتارىغا تىزىلغان(34)

ئەمەلىيەتتە، ليۇ مىڭفۇ «مارافون» ئۇقۇمىغا نىسبەتەن «يېڭى كەلدى ئاخۇن» ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇم بۇنىڭدىن (يەنى ليۇ مىڭغۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتىن) ئىلگىرىلا ئىزاھات ۋە ماقالىلەردە مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. مەسىلەن، جاۋ تىڭياڭنىڭ «جاھان سىستېمىسى: دۇنيا تۈزۈلمىسىنىڭ پەلسەپىسى» دېگەن كىتابى 2005 – يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، نۆۋەتتە مەزكۇر كىتابنىڭ خىتاينىڭ ئاساسىي پىكىر ئېقىمىدىكى ئورنى بارغانسېرى ئاشماقتا. جاۋ تىڭياڭنىڭ «سىستېما»سىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسى ئەنئەنىۋى خىتايچە تەپەككۇر ئاساسىدا قايتىدىن لايىھەلىنىدۇ؛ يېڭى دۇنيا خىتايچىدىكى «ئاسماننىڭ تېگى»، «ئېمپېرىيە» ۋە «خىتاي دۆلىتى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «天下» (تيەن شيا) دېگەن سۆز بىلەن ئاتىلىدۇ(35). خىتايشۇناس ئالىم ۋىللىيام ئا كاللاهان «天下» (تيەن شيا) دېگەن سۆزنى «خىتاينىڭ <ئۇستۇن> مەدەنىيىتى ئەڭ يۇقىرى قاتلامدا تۇرىدىغان، بىرلىككە كەلگەن خەلقئارالىق سىستېما» دەپ تەرجىمە قىلغان. (بۇ سىستېمىدا) ئامېرىكا مەدەنىيىتى قاتارلىق باشقا مەدەنىيەتلەر «ئېچىلمىغان چۆللۈك»نىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدۇ. (بۇ سىستېمىدا يەنە) مەدەنىي دۇنيانىڭ مەركىزى بولغان خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەت ۋە خەلقلەرگە خىتايچە قىممەت قاراش، خىتاي تىلى ۋە خىتاي مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ «天下» (تيەن شيا)غا تېخىمۇ ياخشى سىڭىشىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى «ماسلاشتۇرۇش» ئارقىلىق «ئىسلاھ» قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ ئېمپېرىيە (يەنى 天下) دە «قائىدە ئەركىنلىكتىن، ئەخلاق قانۇندىن، سەرخىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقتىن مۇھىم دەپ قارىلىدۇ»(37).

مەن جاۋ تىڭياڭ خەلقئارادا ئالقىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن، 2012 – يىلى 7 – ئايدا ئۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدا كۆرۈشتۇم. مەن ئۇنىڭدىن «天下» (تيەن شيا) سىستېمىسىدا ئىتائەتسىزلىك قىلمىشلىرى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ مەسىلەن، باشقا مىللەتلەر خىتايچە يېزىقنى قوللانغىلى ئۇنىمىسا قانداق ئاقىۋەت كۆرۈلىدۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «بۇ ئاسان. <جوۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت دەستۇرى> دا دۇشمەنلىكىدىن تۆت ھەسسە كۈچلۈك ھەربىي ئۈستۈنلۈك ئارقىلىق ئېمپېراتورنى پۈتۈن جاھاننى ئىدارە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان» دېدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي ئىقتىسادىي مارافوندا غەلىبە قىلغاندىن ۋە ئامېرىكىنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۈچلۈك ئىقتىسادقا

ساھەب بولغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى يېڭى
ئورنىنى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق قوغداش زۆرۈر بولىدۇ.
دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە باشقا ھەرقانداق
دۆلەتنىڭكىدىن قۇدرەتلىك بولغان، ئەڭ ئاخىرىدا
ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كاردىن چىقىرالايدىغان
ھەربىي قۇۋۋەتكە موھتاج بولىدۇ. ئامېرىكا ئۆزىمۇ 1860 –
يىلىدىن 1940 – يىلىغىچە شۇنداق ئىشنى قىلغان.
خىتايدىكى قاتتىق قوللار ئامېرىكا تارىخىنى ئۆگىنىپلا
قالماستىن، نۇرغۇن ئەسىرلەر ئاۋۋالقى خىتاينىڭ قەدىمىي
ئۆتمۈشىدىنمۇ ساۋاق ئالغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر
تەشكىلاتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دىپلوماتلىرى 1969 –
يىلى ئېيتقان، خىتاينىڭ ئالدامچىلىق تاكتىكىسىغا ۋە ئۇزۇن
مۇددەتلىك دۇنياۋى غايىسىگە ئالاقىدار ئاگاھلاندۇرۇشلار
ئەمدى راستقا ئايلىنىۋاتاتتى.

( ئەسەرنىڭ 2-بابى كېلەر ساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)

ئەسكەرتىش: ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىزاھاتلىرى ئۆز پېتى بېرىلدى، ئەمما ئۇلىنىشلارنىڭ ھەممىسى ھازىر چوقۇم ئىشلىشى ناتايىن.

تەرجىمانلار :

ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئەنۋەر قاراقۇرۇم

INTRODUCTION: WISHFUL THINKING

1.See Susan Watters, “No Longer a Party Divided at Sackler Museum,” Women’s Wear Daily, December 3, 2012, available at http://www.wwd.com/eye/parties/no-longer-a-party-divided-6517532; and Miguel Benavides, “Arthur M. Sackler Gallery Celebrates 25th Anniversary,” Studio International, November 2012, available at http://www.studiointernational.com/index.php/arthur-m-sackler-gallery-celebrates- 25th-anniversary.
2.A video of the “Black Christmas Tree” display is available at http://www.youtube.com/watch? v=UeZyGnxTWKY.
3.Maura Judkis, “Sackler to Celebrate Anniversary with a Daytime Fireworks Display,” Washington Post, November 29, 2012, available at http://www.washingtonpost.com/entertainment/museums/sackler-to-celebrate-anniversary-with-a- daytime-fireworks-display/2012/11/29/7fdf2104-3a35-11e2-8a97-363b0f9a0ab3_story.html.
I4.bid.
5.Remarks by Secretary of State Hillary Rodham Clinton at the Art in Embassies Fiftieth Anniversary Luncheon, November 30, 2012, available at http://m.state.gov/md201314.htm.
6.Medal of Arts Conversation,” U.S. Department of State, November 30, 2012, available at http://art.state.gov/Anniversary.aspx?tab=images&tid=106996.
7.For a similar view, see Yawei Liu and Justine Zheng Ren, “An Emerging Consensus on the US Threat: The United States According to PLA Officers,” Journal of Contemporary China 23, no. 86 (2014): 255–74. For a more skeptical view of the role of the hawks, see Andrew Chubb, “Are China’s Hawks Really the PLA Elite After All? [Revised],” southseaconversations blog, posted December 5, 2013, accessed on April 7, 2014, available at http://southseaconversations.wordpress.com/2013/12/05/are-chinas-hawks-actually-the-pla-elite-after-all/. As Chubb argues, “My contention, however, is that while the ‘hawks’ may often represent PLA thought, they only do so in public when approved.” (Italics in original.)
8.William A. Callahan, “Patriotic Cosmopolitanism: China’s Non-official Intellectuals Dream of the Future,” British Inter-University China Centre (BICC) Working Paper Series 13 (October 2009): 9, available at http://www.bicc.ac.uk/files/2012/06/13-Callahan.pdf.
I9.bid.
I10.bid. Callahan states on pages 8–9 that this book is “a call by a pair of People’s Liberation Army colonels for Beijing to use asymmetrical warfare, including terrorism, to attack the United States.” See also Qiao Liang and Wang Xianghui, Chaoxianzhan: Quanqiuhua Shidai Zhanzheng Yu Zhanfa [Unrestricted Warfare: War and Strategy in the Globalization Era] (Beijing: Social Sciences Press, 2005 [1999]).
11.An English translation of the The Thirty-Six Stratagems is available at http://wengu.tartarie.com/wg/wengu.php?l=36ji.
12.“Medal of Arts Conversation.”
13.See, for example, Lydia Liu, Translingual Practice: Literature, National Culture, and Translated Modernity-China, 1900–1937 (Stanford, CA: Stanford University Press, 1995).
14.For further discussion of the purported influence of the China hawks, see Andrew Chubb, “PLA Hawks, Part One: Good Cop, Bad Cop with China’s Generals,” Asia Times Online, July 29, 2013, available at http://www.atimes.com/atimes/China/CHIN-01-290713.html;

Andrew Chubb, “PLA Hawks, Part Two: Chinese Propaganda as Policy,” Asia Times Online, August 15, 2013, available at http://www.atimes.com/atimes/China/CHIN-01-150813.html.

15.See, for example, Jacques deLisle, Pressing Engagement: Uneven Human Rights Progress in China, Modest Successes of American Policy, and the Absence of Better Options (Washington, DC: Carnegie Endowment, 2008); Sharon Hom, “Has U.S. Engagement with China Produced a Significant Improvement in Human Rights?,” Framing China Policy: The Carnegie Debate, March 5, 2007.

16.“Text of President Bush’s 2002 State of the Union Address,” Washington Post, January 29, 2002, available at http://www.washingtonpost.com/wp-srv/onpolitics/transcripts/sou012902.htm.

17.Aaron L. Friedberg, A Contest for Supremacy: China, America, and the Struggle for Mastery in Asia (New York: W. W. Norton, 2011), 187–88. See also David Shambaugh, China’s Communist Party: Atrophy and Adaptation (Washington, DC: Woodrow Wilson Center Press, 2008). Shambaugh writes that the “forces for change already exist [in China] and are only going to become more intense over time. This is as close to a ‘law’ of political development as exists—when a nation makes the transition from developing country to newly industrialized country, the pressures from society on the state to effectively govern arise. The ruling party-state has essentially only two options once this process begins: Stifle or suppress the demands, or open channels to accommodate the demands” (Italics in original.), p. 180.

18.James Mann, The China Fantasy: Why Capitalism Will Not Bring Democracy to China (New York: Viking, 2007), 27. Kellee S. Tsai, Capitalism without Democracy: The Private Sector in Contemporary China (Ithaca, NY: Cornell University Press, 2007), notes that “Chinese entrepreneurs are not agitating for democracy. Most are working eighteen-hour days to stay in business, while others are saving for their one child’s education or planning to leave the country. Many are Communist Party members. Based on years of research, hundreds of field interviews, and a sweeping nationwide survey of private entrepreneurs, Capitalism without Democracy explores the conventional wisdom about the relationship between economic liberalism and political freedom.” (From back cover.) See also Ann Florini, Hairong Lai, and Yeling Tan, China Experiments: From Local Innovations to National Reform (Washington, DC: Brookings Institution Press, 2012).

19.John Fox and François Godement, A Power Audit of EU-China Relations (London: European Council on Foreign Relations, 2009), 1.

20.Steven Levingston, “China’s Authoritarian Capitalism Undermines Western Values, Argue Three New Books,” Washington Post, May 30, 2010, available at http://www.washingtonpost.com/wp- dyn/content/article/2010/05/28/AR2010052801859.html.

Andrew J. Nathan, “China’s Changing of the Guard: Authoritarian Resilience,” Journal of Democracy 14, no. 1 (January 2003): 6–17. See also Stephanie Kleine-Ahlbrandt and Andrew Small, “China’s New Dictatorship Diplomacy,” Foreign Affairs 87, no. 1 (January/February 2008).

22.Geoff A. Dyer, The Contest of the Century: The New Era of Competition with China—and How America Can Win (New York: Alfred A. Knopf, 2014).

23.Arthur Waldron, “The China Sickness,” Commentary, July 2003, available at http://www.commentarymagazine.com/article/the-chinese-sickness/.

24.Gordon G. Chang, The Coming Collapse of China (New York: Random House, 2001).

25.Anna Yukhananov, “IMF Sees Higher Global Growth, Warns of Deflation Risks,” Reuters, January 21, 2014, available at http://www.reuters.com/article/2014/01/21/us-imf-economy- idUSBREA0K0X620140121; OECD Economic Outlook 2013, no. 2 (November 2013): 6; “World Economic Situation and Prospects 2014: Global Economic Outlook” (chapter 1), United Nations Department of Economic and Social Affairs, December 18, 2013, available at http://www.un.org/en/development/desa/publications/wesp2014-firstchapter.html.

26.Chang, Coming Collapse of China.

27.The original report is Ruth Bunzel, “Explorations in Chinese Culture,” Research in Contemporary Cultures, Margaret Mead Papers, Division of Special Collections, Library of Congress; Ruth Bunzel, “Themes in Chinese Culture,” Margaret Mead Papers, Library of Congress, March 18, 1948, G 23, vol. 8, chapter 686; Hu Hsien-chin, “The Romance of the Three Kingdoms,” Margaret Mead Papers, Division of Special Collections, Library of Congress, G 21, vol. 2, chapter 33;

Warner Muensterberger, “Some Notes on Chinese Stories,” June 1, 1948, Margaret Mead Papers, G 23, vol. 7, chapter 348; Margaret Mead, “Minutes of the Chinese Political Character Group,” Margaret Mead Papers, Division of Special Collections, Library of Congress, G63, January 16, 1951. Mead provides background on the study in Margaret Mead, “The Study of National Character,” The Policy Sciences: Recent Developments in Scope and Method, ed. Daniel Lerner and Harold D. Lasswell (Stanford, CA: Stanford University Press, 1951), 70–85; a few findings are in Weston La Barre, “Some Observations on Character Structure in the Orient: The Chinese, Part Two,” Psychiatry 19, no. 4 (1946): 375–95.

28.Lucian W. Pye and Nathan Leites, “Nuances in Chinese Political Culture,” RAND Corporation, 1970, Document Number P-4504, available at http://www.rand.org/pubs/papers/P4504.html.

29.Dore J. Levy, Ideal and Actual in the Story of the Stone (New York: Columbia University Press, 1999); Andrew H. Plaks, Archetype and Allegory in the Dream of the Red Chamber (Princeton, NJ: Princeton University Press, 1976); Frederick W. Mote, The

Intellectual Foundations of China (New York: Alfred
Knopf, 1989); Peter K. Bol, “This Culture of Ours”: Intellectual Transitions in T’ang and Sung China (Stanford, CA: Stanford University Press, 1992); Sarah Allan, The Heir and the Sage: Dynastic Legend in Early China, Asian Library Series, no. 24 (San Francisco: Chinese Materials Center, 1981); John B. Henderson, Scripture, Canon, and Commentary: A Comparison of Confucian and Western Exegesis (Princeton, NJ: Princeton University Press, 1991); Stephen Owen, Readings in Chinese Literary Thought (Cambridge, MA: Harvard University Press, 1996); David L. Rolston, Chinese

Fiction and Fiction Commentary: Reading and Writing Between the Lines (Stanford, CA: Stanford University Press, 1997); and Victor H. Mair, ed., The Columbia History of Chinese Literature (New York: Columbia University Press, 2001).

30.I learned of the unpublished study and its sponsorship by the U.S. Air Force and the U.S. Navy from Professor Ruth Bunzel, who taught a course I attended at Columbia University in 1968.
31.Dai Bingguo, “Stick to the Path of Peaceful Development,” China Daily, December 13, 2010, available at http://www.chinadaily.com.cn/opinion/2010-12/13/content_11690133.htm.
32.Edward I-hsin Chen, “In the Aftermath of the U.S.-China S & E D and New Military Relations,” Center for Security Studies in Taiwan, April 17, 2012, available at http://www.mcsstw.org/web/content.php?PID=5&Nid=849.
33.Throughout this book, the phrases “the West” and “Western” appear. This is meant to be taken generally and to include Western allies in Asia such as South Korea, Japan, and Taiwan.
34.John Kennedy, “Diaoyu Dispute Unites Liberals and Nationalists Online,” South China Morning Post, August 16, 2012, available at http://www.scmp.com/comment/blogs/article/1015948/diaoyu-dispute- unites-liberals-and-nationalists-online.
35.Michael Pillsbury, ed., Chinese Views of Future Warfare (Washington, DC: National Defense University Press, 2002), available at http://www.au.af.mil/au/awc/awcgate/ndu/chinview/chinacont.html.
36.Michael Pillsbury, China Debates the Future Security Environment (Washington, DC: National Defense University Press, 2000), available at http://www.fas.org/nuke/guide/china/doctrine/pills2/.
37.The second book was translated into Chinese by the government-controlled Xinhua Press in 2003.
38.For example, the Journal of Contemporary China recently published six articles on these issues: Michael Yahuda, “China’s New Assertiveness in the South China Sea,” vol. 22, iss. 81 (2013): 446–59; Yawei Liu and Justine Zheng Ren, “An Emerging Consensus of the U.S. Threat: The United States According to PLA Officers,” vol. 23, iss. 86 (2014): 255–74; Suisheng Zhao, “Foreign Policy Implications of Chinese Nationalism Revisited: The Strident Turn,” vol. 22, iss. 82 (2013): 535–53; Jianwei Wang and Xiaojie Wang, “Media and Chinese Foreign Policy,” vol. 23, iss. 86 (2014): 216–35; James Reilly, “A Wave to Worry About? Public Opinion, Foreign Policy and China’s Anti-Japan Protests,” vol. 23, iss. 86 (2014): 197–215; and Hongping Annie Nie, “Gaming, Nationalism, and Ideological Work in Contemporary China: Online Games Based on the War of Resistance Against Japan,” vol. 22, iss. 81 (2013): 499–517.
39.World Bank, “China—Long-Term Development Issues and Options” (Washington, DC: World Bank, October 31, 1985), 13364.

CHAPTER 1: THE CHINA DREAM

1.See, for example, “Monument to People’s Heroes,” TravelChinaGuide.com, available at http://www.travelchinaguide.com/attraction/beijing/tiananmen-square/people-heroes-monument.htm.
2.James Reeves Pusey, China and Charles Darwin (Cambridge, MA: Harvard University Press, 1983), chapter 6; and Xiaosui Xiao, “China Encounters Darwinism: A Case of Intercultural Rhetoric,” Quarterly Journal of Speech 81, no. 1 (1995).
3.Quoted in Guoqi Xu, Olympic Dreams: China and Sports, 1895–2008 (Cambridge, MA: Harvard University Press, 2008), 19.
4.Pusey, China and Charles Darwin, 190–91. Pusey wrote that “China’s first, and most important, ‘scientific’ justification of revolution … was based on a mistranslation of one of Darwin’s most importance sentences. Just who was responsible remains unclear” (209).
5.Riazat Butt, “Darwinism, Through a Chinese Lens,” Guardian, November 16, 2009, available at http://www.theguardian.com/commentisfree/belief/2009/nov/16/darwin-evolution-china-politics.
6.Pusey, China and Charles Darwin, 208.
7.Orville Schell and John Delury, Wealth and Power: China’s Long March to the Twenty-First Century (London: Little, Brown, 2013), 131. For more on Chinese conceptions of race and race relations, see, for example, M. Dujon Johnson, Race and Racism in the Chinas: Chinese Racial Attitudes Toward Africans and African-Americans (Bloomington, IN: AuthorHouse, 2007); Frederick Hung, “Racial Superiority and Inferiority Complex,” China Critic, January 9, 1930, available at http://www.chinaheritagequarterly.org/030/features/pdf/Racial%20Superiority%20and%20Inferiority%2 Nicholas D. Kristof, “China’s Racial Unrest Spreads to Beijing Campus,” New York Times, January 4, 1989, available at
Orville Schell and John Delury, Wealth and Power: China’s Long March to the Twenty-First Century (London: Little, Brown, 2013), 131. For more on Chinese conceptions of race and race relations, see, for example, M. Dujon Johnson, Race and

Racism in the Chinas: Chinese Racial Attitudes Toward Africans and African-Americans (Bloomington, IN: AuthorHouse, 2007); Frederick Hung, “Racial Superiority and Inferiority Complex,” China Critic, January 9, 1930, available at http://www.chinaheritagequarterly.org/030/features/pdf/Racial%20Superiority%20and%20Inferiority%2 Nicholas D. Kristof, “China’s Racial Unrest Spreads to Beijing Campus,” New York Times, January 4, 1989, available at http://www.nytimes.com/1989/01/04/world/china-s-racial-unrest-spreads-to-beijing- campus.html; Frank Dikotter, The Discourse of Race in Modern China (Stanford, CA: Stanford University Press; 1992); and Frank Dikotter, Imperfect Conceptions: Medical Knowledge, Birth Defects, and Eugenics in China (New York: Columbia University Press, 1998).

8.Pusey, China and Charles Darwin, 208.

9.A few selections from The General Mirror have been translated in Peter K. Bol, This Culture of Ours: Intellectual Transitions in Tang and Song China (Stanford, CA: Stanford University Press, 1992), 233–
46. For example, on foreign relations with barbarians, “Although their chi is of a different sort [from humans], they are the same as human beings in choosing profit over loss and preferring life to death. If one gets the tao for controlling them, they will accord and submit. If one loses that tao, they will revolt and invade” (244).

10.Carine Defoort, The Pheasant Cap Master (He Guan Zi): A Rhetorical Reading (New York: State University of New York Press, 1996), 206.

11.Salisbury reports he learned this important clue to understanding Chinese strategic thinking during an interview with Chairman Mao’s secretary and biographer Li Rui. See Harrison E. Salisbury, The New Emperors: China in the Era of Mao and Deng (New York: Harper Perennial, 1993), 480, n. 17. Salisbury reports, “A visitor dropped in to see Deng in early 1973. He found him perusing The General Mirror for the Aid of Government” (325). Salisbury also notes that when Mao entered Beijing in 1949 to take over China, he brought The General Mirror for the Aid of Government with him. “If he was to rule the empire, he must be guided by the wisdom of the past emperors” (9). Salisbury further states that “not all Mao’s survivors believed that he had read so widely in the history of how princes won kingdoms and emperors lost them” (53).

12.Butt, “Darwinism, Through a Chinese Lens.”

13.Xu Jianchu, Andy Wilkes, and Janet Sturgeon, “Official and Vernacular Identifications in the Making of the Modern World: Case Study in Yunnan, S.W. China,” Center for Biodiversity and Indigenous Knowledge (CBIK), October 2001, 4.

14.Jeanne Vertefeuille accompanied Golitsyn. Sandra Grimes and Jeanne Vertefeuille, Circle of Treason: A CIA Account of Traitor Aldrich Ames and the Men He Betrayed (Annapolis, MD: Naval Institute Press, 2013), 4. See also Elaine Shannon, “Death of the Perfect Spy,” Time, June 24, 2001, available at http://content.time.com/time/magazine/article/0,9171,164863,00.html; and Tennent H. Bagley, Spymaster: Startling Cold War Revelations of a Soviet KGB Chief (New York: Skyhorse Publishing, 2013).

15.Robert Buchar, And Reality Be Damned … Undoing America: What Media Didn’t Tell You About the End of the Cold War and the Fall of Communism in Europe (Durham, CT: Eloquent Books, 2010), 211,
n. 9.

16.John Limond Hart, The CIA’s Russians (Annapolis, MD: Naval Institute Press, 2003), 137.

17.For more on Ian Fleming’s use of code names and the code name “007,” see these historical studies: Donald McCormick, 17F: The Life of Ian Fleming (London: Peter Owen Publishers, 1994); Nicholas Rankin, Ian Fleming’s Commandos: The Story of the Legendary 30 Assault Unit (New York: Oxford University Press, 2011); John Pearson, The Life of Ian Fleming (New York: Bloomsbury, 2013); and Craig Cabell, Ian Fleming’s Secret War (Barnsley, UK: Pen and Sword, 2008).

18.See, for example, Hal Ford, “Soviet Thinking about the Danger of a Sino-US Rapprochement,” CIA Intelligence Report, Directorate of Intelligence, Reference Title: ESAU LI, Feb. 1971, available at http://www.foia.cia.gov/sites/default/files/document_conversions/14/esau-50.pdf.

19.H. R. Haldeman, The Ends of Power (New York: Dell, 1978), 91; Roger Morris Memorandum for Henry Kissinger, November 18, 1969, declassified memo, Subject: NSSM 63, Sino-Soviet Rivalry—A Dissenting View, Nixon Presidential Library; Helmut Sonnenfeldt Memorandum to Henry Kissinger, Secret, August 19, 1969, Nixon Presidential Library. For more on Kissinger’s relations with Haldeman, see Robert Dallek, Nixon and Kissinger: Partners in Power (New York: HarperCollins, 2007), chapter 11.

20.The project name SOLO was devised to cover the fact that it was two agents, Morris Childs and his brother Jack, in the SOLO program that self-disclosed after the two brothers received the Medal of Freedom from President Reagan in 1983. See John Barron, Operation Solo: The FBI’s Man in the Kremlin (Washington, DC: Regnery History, 1997). Barron states one report smuggled out of Moscow in 1965 concerning Soviet views of China was termed by the CIA to be “the most significant piece of intelligence data ever supplied concerning the Soviet Union” (125). As a result, the FBI decided “to assemble all SOLO reports pertaining to China back to 1958.” Barron reports in 1971 that SOLO revealed that Mikhail Suslov, the second secretary of the Communist Party of the Soviet Union, had vowed that “no matter what Nixon and China agreed to, we are going to negotiate with the US constantly” (183). “FBI Records: The Vault - SOLO,” US Federal Bureau of Investigation (accessed March 5, 2014), available at http://vault.fbi.gov/solo.

21.Kutovoy discussed all this again in 2010 at the Diplomatic Academy in Moscow. He said “I told you so forty-five years ago."

”22.Arthur Cohen, “Soviet Thinking about the Danger of a Sino-US Rapprochement,” CIA Directorate of Intelligence, Intelligence Report, February 1971. See also “Signs of Life in Chinese Foreign Policy,” CIA Directorate of Intelligence,intelligence Report, February 1971

See also “Signs of Life in Chinese Foreign Policy,” CIA Directorate of Intelligence, April 11, 1970, no. 0501/70. Another important report was POLO 28; see “Factionalism in the Central Committee: Mao’s Opposition Since 1949,” (Reference Title: POLO XXVIII), September 19, 1968, RSS no. 0031/68, declassified in May 2007.

23.In an October 22 memorandum to Kissinger, Fred Iklé, director of the Arms Control and Disarmament Agency, suggested offering intelligence to China about the Soviet threat. Richard Solomon sent Iklé’s memorandum to Kissinger under a November 1 covering memorandum. National Archives, RG 59, Policy Planning Staff (S/P), Director’s Files (Winston Lord) 1969–1977, Entry 5027, Box 370, Secretary Kissinger’s Visit to Peking, October 1973, S/PC, Mr. Lord, vol. II, National Archives, College Park, MD.

24.Central Intelligence Agency, Memorandum for Colonel T. C. Pinckney, Subject: GNP Data for the USSR, Communist China, North Korea, and North Vietnam, 1971, declassified in 1998, available at http://www.foia.cia.gov/sites/default/files/document_conversions/89801/DOC_0000307804.pdf; and U.S. Gross National Product (GNP)-10 Year Chart, ForecastChart.com, last updated on December 16, 2013, available at http://www.forecast-chart.com/chart-us-gnp.html.

25.There is an extensive literature written by the ying pai hawks on The Thirty-Six Stratagems. The short text is a popular distillation of ancient stories to which later authors have appended historical illustrations. Two Chinese books in English that amplify them are Sun Haichen, The Wiles of War: 36 Military Strategies from Ancient China (Beijing: Foreign Languages Press, 1991); and Chinghua Tang, A Treasury of China’s Wisdom (Beijing: Foreign Languages Press, 1996). See also Stefan H. Verstappen, The Thirty-Six Stratagies of Ancient China (San Francisco: China Books & Periodicals, 1999), available at http://wengu.tartarie.com/wg/wengu.php?l=36ji&&no=3.

26.Jeremy Page, “For Xi, a ‘China Dream’ of Military Power,” Wall Street Journal, March 13, 2013, available at http://online.wsj.com/news/articles/SB10001424127887324128504578348774040546346. Page further reports that “Mr. Xi is casting himself as a strong military leader at home and embracing a more hawkish worldview long outlined by generals who think the U.S. is in decline and China will become the dominant military power in Asia by midcentury.”

I27.bid.

I28.bid.

29.Like many China engagement supporters in the West, Kissinger refers to Colonel Liu only briefly, as a fringe nationalist, whose views are “contrary” to, for example, President Hu. Henry Kissinger, On China (New York: Penguin Press, 2011), 505.

30.Erich Follath, “China: Troublemaker on the World Stage?,” ABC News, February 23, 2010, available at http://abcnews.go.com/International/china-troublemaker-world-stage/story? id=9918196#.UaT1goVc0SQ; and Chito Romana, “China: ‘White Knight’ or ‘Angry Outsider’?,” ABC News, April 1, 2009, available at http://abcnews.go.com/International/story?id=7229053&page=1#.UaT1vYVc0SQ.

31.Quoted in Chito Romana, “Does China Want to Be Top Superpower?,” ABC News, March 2, 2010, available at http://abcnews.go.com/International/china-replace-us-top-superpower/story?id=9986355.

32.William A. Callahan, China Dreams: 20 Visions of the Future (New York: Oxford University Press, 2013), 58–62.

33.William A. Callahan, “China’s Harmonious World and Post-Western World Orders: Official and Citizen Intellectual Perspectives,” 33, in China Across the Divide: The Domestic and Global in Politics and Society, ed. Rosemary Foot (New York: Oxford University Press, 2013).

34.Page, “For Xi, a ‘China Dream’ of Military Power.”

35.Zhao Tingyang, “A Political World Philosophy in Terms of All-under-heaven (Tian-xia),” Diogenes 56, no. 1 (February 2009): 5–18, cited in Callahan, China Dreams: 20 Visions of the Future, 52.

36.William A. Callahan, “Chinese Visions of World Order: Post-hegemonic or a New Hegemony?,” International Studies Review 10 (2008): 749–61, 757, available at http://williamacallahan.com/wp-content/uploads/2010/10/Callahan-TX-ISR-08.pdf.

37.According to William A. Callahan, Hu sees the world as tolerant of intersection among equal civilizations. Zhao’s tianxia, however, is holistic and hierarchical with one singular global civilization harmonizing peoples of the world. Liu’s China dream likewise sees China as a singular ruler after competition among civilizations. Callahan, China Dreams, 63.

# ئۇيغۇرلاردا بۆشۈك

«بۆلەنگەن يەر، پەرۋىش ماكان» دېگەن مەنەلەرگە ئىگە بۆشۈك قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا خەلقىمىزنىڭ بالا تەربىيەلىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. بۆشۈكنىڭ ئاددىي ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ئەپلىكلىكىدىن قارىغاندا، خەلقىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرىدىلا بۆشۈك ئىشلىتىشى خېلى ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم.

ئابلىز مۇھاممەد

تۇرمۇشىمىزدىكى بۆشۈكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، نۇسخىلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئومۇملاشقانلىرى خانتاجى، سەنەم، قول سەنەم، قىرما، ئەگمە، ناۋا، ئانارچە بۆشۈك، مېھراب نۇسخىلىق بۆشۈك قاتارلىق ئون خىلدىن ئاشىدۇ.

ئادەتتە ئەنئەنىۋى بۆشۈكلەر ئوخشاشلا يەرلىك ياغاچ ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ. بۆشۈكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 85 – 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 50 – 60 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. قۇرۇلمىسى ئاساسەن شال، تىز، چېتىق، پوزا(بەل ياكى ئومۇرتقا)، ناچا(ئارىلىق ئۆزەكلەر)، تەڭلە (تەڭلىك – بالا ياتىدىغان قىسمى) قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۆشۈكنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىرغۇدا ئالما، ئانار، قاپاق، مۇنچاق قاتارلىق شەكىللەر چىقىرىلىپ، ئېستېتىكىلىق كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىنىدۇ. بۆشۈككە يەنە بىر يۈرۈش بۆشۈك جابدۇقلىرى، يەنى ئۇۋۇدا، ياستۇق، شىلدىرشاپ، يۆگەك، زاكا، چەمبىرەك، جاك، شومەك، چۆرەك، تىزلىق، ئوشۇقلۇق، كاشا(قول تارتقۇ)، يۈز ياپقۇ قاتارلىقلار ھازىرلىنىدۇ. ئانىلىرىمىزنىڭ بۆشۈكنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ بۆشۈكنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى ئىلمىيلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىغا ئاساسەن، بۆشۈكنىڭ رولىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

بىرىنچى، بۆشۈك بالىلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆلچەملىك يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. بۆشۈكتە چوڭ بولغان بالىلاردا ئادەتتە دوقا، دوك، توخو تۆش(دۆڭ مەيدە)، ئىچ مايماق، تاش مايماق، سىڭا سۆڭگەچ، مۈرىلىرى ئېگىز – پەس، بوينى مايتۇق، پەچەك(پاقالچاقلىرى O شەكىللىك) بولۇپ قېلىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ.

ئىككىنچى، بۆشۈككە بۆلەنگەن بالىدا ئاسانلىقچە ئۆپكىسى شامالداپ قالىدىغان، ئېغىر يۆتىلىدىغان، زۇكام بولىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەيدۇ.

ئۈچىنچى، بۆشۈك جابدۇقلىرى قەرەللىك ئاپتاپقا قاقلىنىپ، قۇرۇق ھەم ئىسسىق ساقلانغانلىقى ئۈچۈن،ۋاقلاردا تولا سىيىپ سۈيدۈك يېيىۋېتىدىغان، ئەنگىزى ئېشىپ كېتىدىغان، قەغىشلىق قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ.

تۆتىنچى،، ئۇيقۇ بوۋاق ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئارام ئېلىش، ھۇزۇرلىنىشتۇر. ھەرخىل ئېھتىياجى قاندۇرۇلسىمۇ، ئۇيقۇسىنى تاپالماي تولا يىغلايدىغان بوۋاقلار بۆشۈككە بۆلىنىپ «ئەللەي ناخشىسى»غا سىيلىق تەۋرىتىپ بېرىلسە ئاسانلا ئۇخلاپ قالىدۇ.

بەشىنچى، بۆشۈكنى لەرزان تەۋرىتىش بوۋاقنى ئۇخلىتىشتىن باشقا، بوۋاق بەدىنىدىكى بوغۇم – ئۇگىلەرنى، مۇسكۇللارنى غىدىقلاپ، ئۇلاردىكى قان ئايلىنىشنى ياخشىلاشقا پايدىلىق.

ئەقىل – پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ مول تېببىي بىلىمى، ئىلمىي تەجرىبىسى بىلەن بۆشۈكلەر ناھايىتى ئىلمىي ئاساستا لايىھەلەنگەن. بالىنىڭ مېڭىسى چايقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن «يورغا» چىقىرىلغان، ھازىر شارىكلىق ئاسما شەكىلدىمۇ ياسالماقتا. فولكلور مەدەنىيىتىمىزنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان بۆشۈكلىرىمىز لايىھەلىنىشى ئىلمىي، ماتېرىيال مەنبەسى تەبىئىي ھەم كۆپ، تەننەرخى تۆۋەن، باھاسى ئەرزان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى، ھۈنەر – سەنئەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلىدۇ.



خەلقىمىز ئەزەلدىن بۆشۈكنى ئېتنىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئۇلۇغلىغاچقا، بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلەپ بېقىش ئادىتى بىر خىل ئېتنىك ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ ئېتنىك تۇرمۇش ئادىتىمىز بىر تەرەپتىن مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ بوۋاقلارنى ساغلام چوڭ قىلىش پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلسە، يەنە بىر جەھەتتىن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماس كەلگەنلىكى بىلەن تارىختىن بۇيان ئۆز قەدىر – قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

مەنبە: يازغۇچىنىڭ ئوكيان تورىغا بېسىلغان ماقالىسىغا ئاساسەن تەييارلاندى.

# ئاۋىستىرالىيە ئۇيغۇرلىرى

ئاۋىستىرالىيەنىڭ 2016-يىللىق ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكى-سىغا قارىغاندا، ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان ئادەم 1051 بولغان. ھالبۇكى، ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا ئاۋىستىرالىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 3 مىڭدىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئادېلايد ( 1200-1400)، سىدني( 700-800)، ۋە مېلبورن ( 500) دىن ئىبارەت ئۈچ شەھەرگە مەركەزلەشكەن. ئادېلايدتىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ زىچ جامائەتلەشكەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، داۋاملىق يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. سىدني ئۇيغۇر جامائەتى بولسا ئەكسىچە 2019-يىلى 31-مارتتا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك يىغىلىشى ئۆتكۈزگەن. تەتقىقاتچى ئاننا ھەيىس خانىم ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت تەرەپ ئىستاتىسكىتىسىدا گەلگەن يېرى خىتاي دەپ ئەنگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەقىقى نوپۇسىنى ئېنىقلاشتا قىيىنچىلىق بولغانلىقىغا دىققەت قىلغان. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت خاتىرىسىدە ئۆزلىرى خالىمايدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقى كىملىكى ۋە مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلمايدىغان كىملىك بىلەن ئەنگە ئېلىنىپ قالغان.

ئاۋىستىرالىيەدىكى  ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ چاقىرتىشى ياكى سىياسى پاناھلىق شەكلى بىلەن ئاۋىستىرالىيەگە يەرلەشكەن. ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋىستىرالىيەگە كۆچۈشىدىكى بىرىنچى قېتىملىق دولقۇن 1960-يىللىردا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار شەرقى تۈركىستاندىن خىتايدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ كەلگەن. ئاۋىستىرالىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەت تۈركىستانىنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئاۋىستىرالىيەگە كۆچۈش دولقۇنى 1990-يىللاردا ، بولۇپمۇ 2009-يىلدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. 2009-يىلدىن كېيىن شەرقى تۈركىستاندا ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىشى نەتىجىسىدە كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار ئاۋىستىرالىيەگە كېلىپ سىياسى پانالىق يولى يەرلەشكەن. 2016-يىلدىن كېيىن ئاۋىستىرالىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تولىمۇ چەكلىك بولۇپ، شۇ يىلى 11-ئايدىن كېيىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتلىرىنى يىغىۋېلىپ ئۇيغۇرلارنى ئەركىن سەپەر قىلىشتىن پۈتۈنلەي چەكلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋىستىرالىيە كېلىپ تۇغقان يوقلاش ۋە يەرلىشىش يولى ئېتىلگەن.

ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە بۇ ئەسىردىكى ئەڭ زور قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرىۋاتقان پەيتلەردە، ئاۋىستىرالىيە ئۇيغۇر جامائىتى دۇنيا ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلەردە بارغانسېرى جانلىق ھالەتكە ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى كۈچلۈك نامايەن قىلىپ چېچىلاڭغۇ ھالەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋى بىرلىششى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى قوشماقتا. ئاۋىستىرالىيەدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە قالغان ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ باقمىغىلى ئۇزاق بولغان، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ئۆيدە ياكى جازا لاگېرلىرىدا ئىكەنلىكى، ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى دۇنيانىڭ  ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرلۇك ئىجتىمائى تاراتقۇ پائالىيەتلىرىنى قوزغاپ زور تەسىر پەيدا قىلىپ كەلمەكتە.

ئاۋىستىرالىيە ئۇيغۇرلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ جايلاردا ياشۋاتقان ئۇيغۇرلارغا تەھدىت سېلىشتىن يانمىغان ۋە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇرۇق تۇغقانلىق جازا لاگېرلىرىغا سولانغان بەزى ئۇيغۇرلار ئوچۇق ئاشكارا خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتنىشالمايدىغان ۋە تاراتقۇلارغا چىقىپ سۆزلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولغان. ئاۋىستىرالىيەگە يەرلەشكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە خىتاي زۇلمىدا ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن قالغان روھى ھالەت بىلەن ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىگىمۇ ئىشەنمەسلىك، تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق ۋە شارائىتلاردىن يېتەرلىك پايدىلىنالماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئاۋىستىرالىيە ئۇيغۇرلىرى ئۆز مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى قوغداشتا ئۈلگە بولغۇدەك قەدەملەرنى باسقان بولۇپ، ئادېلايد ئۇيغۇر تىلى مەكتىپى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر مۇقام ئانسامبېلى قاتارلىقلار بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. خىتاينىڭ ئەسەبىي ئىرقىي سىياستى ۋە جازا لاگېرلىرى سەۋەبىدىن پارچىلانغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى يېقىندا ئاۋىستىرالىيە تاراتقۇلىرىنىڭ قىزىق تېمىسىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ئاۋىستىرالىيەنىڭ كۈنتەرتىپىدە بارغانچە مۇھىم ئورۇننى ئىگەلىمەكتە. ئاۋىستىرالىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز دۆلىتىگە سىڭىپ كىرىپ بۈگۈنكى ۋاقىتتا ئۆز پۇقرالىقىغا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارغا تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بارغان خىتاينىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئالماقتا.

مەنبە : ماتېرىيالنى  سىدني ئۇيغۇر ئاياللار گۇرۇپپا سى تەمىنلىگەن.

# سۇ



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تونۇلغان شائىرى ۋە ئەدىب ئادىلجان تۇنىياز 1970-يىلى قاغىلىقتا تۇغۇلغان. 2017-يىلى 12-ئايدا قېيىن ئاتىسى مۇھەممەد سالىھ ھاجىم قاتارلىق پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان.

ئاشىقمەن ساڭا،
ئەسىرلەپ ئېچىرقىغان
تەكلىماكان بويىدا.

تەكلىماكان بويىدا
ئۆزۈڭدىن شۇنچە يىراق ئاقسەن،
ئۆزۈڭگە شۇنچە مەخپىي ياتسەن.
مەن بىلمەيمەن تەنھالىق نېمە؟
تۆت پەسىلدە ئاۋازىڭ تۆت خىل،
گاھىدا چوڭقۇر ئۇھ تارتسەن
گاھىدا مۇز بولۇپ قاتسەن.
گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەر ساقلىغان چىلىڭ
زۇمرەت رەڭلىك مەخپىيەتلىكىڭ،
ئوخشار مېنىڭ ئۈمىدلىرىمگە.

سۇ
غەمسىز، رەڭسىز ماددا سەن،
ئىككى كەپتەر بىلەن كۆك ئاسماندەك،
ئىككى شامال بىلەن مەجنۇنتالدەك،
ئىككى غالجىر قول بىلەن بىر ئاچ تەندەك.
ئىككى ھېدروگېن، بىر ئوكسىگېن ۋە
ئېلېمېنتلار دەۋر جەدۋىلىدە
ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ ئويناۋاتقان.
سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۇرىدۇ پەرياد
سانسىز قولىنى سوزۇپ بۇ ماكان.
سۇ دەپ مېۋىلەر يىغلايدۇ شېرىن،
كېۋەزلەر ۋارقىرار ئاۋازى ئاپئاق

سۇ دەپ نالە قىلار ئورنى بوش قالغان
نېفىت، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ئۇران.

ۋاللىدايدۇ بېشىمدا سۇ تاج،
بۇ زېمىننىڭ شاھزادىسى مەن.

تەمترەيسەن سۇزۇك قارىغۇدەك،
خۇش بولسەن بالىغا ئوخشاش.
ھۆركىرەيسەن ياۋايى پات-پات.
بەزىدە جىم ئاقسەن ياۋاش
تار، قاراڭغۇ نونىڭ ئىچىدە.
شىلدىرلىشىڭ قوزغار ھاياجان
ئۇيقۇم قاچقان ئۇزۇن كېچىدە.
قۇچاقلىسام ئىشتىياق بىلەن
ھۆل قىلىدۇ تېرەمنى تېرەڭ،
ئاندىن ئېقىپ كېتسەن يىراق
ماڭا يەنە قالار دەرد-پىراق.

سۇ،
مۇڭلۇق سۇ،
ئوقۇپ بېرەي كىمگە سېنى مەن؟

مەنبە :شائىرنىڭ «چۆمبەلدىكى كۆز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى




# ئورتا ياۋروپادىن ئورتا ئاسىياغا تۇتاشقان كۆڭۈل

مارتىنا كوكوتكىۋىكس

دوكتور مارتىنا كوكوتكىۋىكس پولشانىڭ پوزنان ئۇنىۋېرستېتىدا فىن-ئوگۇر تىللىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئۆز ئانا تىلى پولەكچىدىن باشقا فىن، ماجار، ئىنگلىز، تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ھازىر ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشنى داۋام قىلماقتا.

بىر نەچچە يىل ئاۋۋال ئورتا ئاسىيالىق بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ دوستۇم تۇغرۇلۇق تۇغقانلىرىمدىن بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ تۇغرۇلۇق نېمىلەرنى دېيىشكىنىمىزنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما، پاراڭ جەريانىدا «ئۇ تۈرك» دېيىشىم بىلەن، تۇغقىنىم ھەيران قېلىپ، «قانداقمۇ تۈرك بولسۇن؟ ئۇ ئاسىيالىق ئىكەنغۇ» دېگەن ئىدى. شۇ كۈنى مائارىپ تەربىيىسى ھەققىدە دۆلىتىمىزدە قىلىنىشى كېرەك بولغان خىزمەتلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. مەن بۇ يەردە يېڭىلىق ياراتماقچىمەن. بىراق، ھەممىدىن ئاۋۋال كىشىلەرگە بىر نەچچە ئىشتا چۈشەنچە بېرىشىم كېرەك. 9-9-2019

مەن پولشالىق بىر قىز. بىر چاغدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ئارىسىدا بەزى گەپ - سۆزلەر بولۇندى . ئۇلارنىڭ دېيىشچە ئائىلىمىزگە بىر ۋېنگرىيىلىك كىرمەكچىمىش. شۇنىڭ بىلەن، تۇرانچىلىق، تۈركىي مىللەتلەر ۋە تۈركىي تىللار بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدىم. سەۋەبى ، تۈركلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم. شۇنداق، ئۇلار بىلەن ئۇچراشتىم، چۈنكى، ئۇنىۋېرستىتتا فىن ۋە ۋېنگىر تىلىدا ئوقۇغان ئىدىم. بۇ تولىمۇ ئاددىي ھېكايە، شۇنداقلا چېگىش بىر ھېكايە.

تەتقىقاتىم پەقەت تىللار ۋە كۈلتۈرلەر جەھەتتىلا ئەمەس ئىدى. بۇ جەرياندا ئۆزۈم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم يۈكسىلىشلەر مەيدانغا كەلدى. تۈرك كۈلتۈرى سەۋەبلىك ئىسلام دىنى تۇغرۇلۇق ئىنتايىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. شۇ چاغلاردىن بېرى تۈركلەر ۋە تۈرك كۈلتۈرى ماڭا مۇناسىۋەتلىك ساھە دەپ قاراشتىن ھالقىپ، ئۇلارغا قېرىنداشلىرىم سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم. ئۇلارمۇ مېنىمۇ قېرىنداشىدەك كۆرۈپ، ماڭا كۆپلەپ ياردەم بېرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن تۈركىيەنى زىيارەت قىلدىم. مەن يەنە تۈرك دۇنياسىدىكى مەسىلىلەرگىمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. بىزنىڭ دۇنيايىمىز ئەسلىدىنلا راھەت بىر

يەر ئەمەس، بۇ سەۋەبلىك باشتىن باشلاپلا تۈرك دۇنياسىدىكى مەسىلىلەر ئاددىي مەسىلىلەر ئەمەس دەپ ھېس قىلدىم.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان بارلىق تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا بىلىم ئېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم نەچچە يىل ئاۋۋال ئاڭلىغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىمدا ئەھۋالنىڭ ئۇ دەرىجىدە ئېغىر ئەمەسلىكىنى چۈشەنمەستىن خاتالاشقان ئىدىم. بۇ خاتا چۈشەنچەمگە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇماتىم يوق بولغانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى. مەن شۇنداق ھېس قىلدىمكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھۋاللاردا بەزى ئوخشاشلىقلار بار ئىدى. كىشىلەر، بولۇپمۇ دىندار كىشىلەر بەزى قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ياشايتتى، دىنىي ھاياتىنى مەخپىي تۇتۇشى كېرەك ئىدى، بەزى جەھەتلەردە ئوچۇق ئاشكارا گەپ قىلالمايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما، بۇمۇ مېنى ھېچقانچە راھەتسىز قىلمىغان ئىدى. كېيىن شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىمكى، خىتايدا خىتايلار بىلەن پەرقلىق بولغان، خىتايلار بىلەن پەرقلىق ھالەتتە ئويلايدىغان كىشىلەر ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاتقان ئىنسانلار ئىكەن. مەن باشتا بۇلارنى چۈشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مىللەتلەردىن بىرىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغان ئىكەنمەن. تەتقىقاتلىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم، تەتقىقاتىمنىڭ مەركىزىدە تىل جەھەتكە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەردىم. تۈركچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ئۇيغۇرلارغا دۇنيا سۈكۈت قىلغان، مەنمۇ دۇنيا بىلەن قوشۇلۇپ سۈكۈت قىلغان ئىدىم.

ئۈچ يىلچە ئاۋۋال ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. تۈرك دوستلىرىم ئىجتىمائى تاراتقۇلاردا ماقالە-ئەسەرلەرنى تارقىتىشقا، ئىسلام توغرىسىدىكى تور بەتلەر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. مۇشۇلارنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تولىمۇ مۇھىم بىر ئىشنى چۈشەندىم. ئۇيغۇرلار ھەققىدە خەۋەر ئىشلەۋاتقان مەنبەلەرنىڭ ھەممىسى چەتئەل تىلىدىكى خەۋەرلەر ئىدى. چەتئەل تىلىدىكى خەۋەردىن كۆزدە تۇتقىنىم شۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆز ئانا تىلىمدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. پولشا تېلېۋىزىيىلىرى پەقەتلا «مۇسۇلمان تېرورىستلار» تېپىدىكى خاتا مەلۇماتلارنى تارقىتاتتى. بۇ سەۋەبلىك، پولشا تاراتقۇلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرۇلۇق ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىپمۇ يۈرمىدىم. ئۆزۈم تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە بىلگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ جەھەتلەردە يۈزەكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىدىم. ئەمما، ۋەتىنىمدە بۇ جەھەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلاردىن بىرىمۇ يوق ئىدى.

ئىككى يىل ئاۋۋالقى رامىزاندا ئۆزۈم ياشاۋاتقان شەھەردىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ھەقتە چۈشەنچە ئالالايدىغان مۇمكىنچىلىك ئەقلىمگە كەلدى. رامىزان كەچلىرىدىن بىرىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا « خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلايلى» دېدىم. ئەسلىدىنلا، ھەر رامىزان كېچىسى مۇسۇلمانلار بار بولغان بىر دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنىۋاتاتتى. مېنىڭ كاللامدا دۇئا قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى مېنى ھەيران قالدۇردى. «نېمىشقا خىتاي (ئىشغالىيىتىدىكى) مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىمىز؟ ئۇ يەردە نېمە ئىش بوپتۇ؟ خىتايدا مۇسۇلمانلار بارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا دۇچ كەلدىم. بۇ ھەقتە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلەشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئۇلارغا ناچار مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى قىسقىچە چۈشەنچە بەردىم. ئۇ ئاخشىمى مەن غەلىبە قىلدىم، (ئۇيغۇرلار ئۈچۈن) دۇئا ئوقۇلدى. بىراق، شۇ قېتىمقىدىن سىرت بۇ ھەقتە پىكىرلەشمىدۇق. شۇ يىلى، بۇ توغرۇلۇق بىر قانچە قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. ساخاۋەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر قانچەيلەنگە بۇ ھەقتە خەتلەر يازدىم، ئەمما، ھازىرغىچە ئۇلاردىن جاۋاب كەلمىدى. ئۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ مەسىلىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. قىيىن ۋە مۇسىبەتلىك ئىشلارنى تېزلا تاشلاش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىمۇ، باشقا ساھەلەردە ئاكتىپ بولۇشقا تىرىشتىم. ئۆز مىللىتىمگە ئىسلام دىنىنى ۋە كۈلتۈرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم، بىراق، بەزى جەھەتلەردە پۇرسەت بولمىدى.

ئىككى يىل كېيىن، يەنى مۇشۇ يىلى ئەھۋالنى قانچىلىك دەرىجىدە خاتا چۈشەنگەنلىكىمنى، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتتىن ۋاز كېچىپ بەكمۇ خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم. مەن ھاياتىمدىكى تاسادىپىيلىقلارغا ئىشىنەلمەيدىغان قالىمەن. ھەر ئىشتا بىر ھېكمەت بار، شۇ چاغدا گوياكى ئاللاھ قەلبىمگە ئىلھام سالغاندەكلا بىر ئىش بولدى. بىرەيلەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇ ماڭا ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ پولشادا ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھېچكىم يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىم مەن ئۈچۈن ھەيران قالارلىق بىر ئىش بولدى، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندىم. دۇنيادىن، ئىنسانلاردىن، ھەتتا ئۆزۈمدىنمۇ رايىم قايتقاندەك بولدى. چۈنكى، ئۆزۈمنى بەكلا يارىماس ھېس قىلغان ئىدىم. قەلب تېۋىشىمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى قىسمىتى توغرىلىق ئىجابىي نۇقتىدىن بىر ئىش قىلالمىسام، ھاياتىمنى نورمال ھالەتتە داۋاملاشتۇرالمايتتىم. يىللاردىن بېرى كىشىلەرگە تۈركلەرنىڭ مەن ئۈچۈن ئۆز ئائىلە كىشىلىرىمگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىتىپ كېلىۋاتاتتىم. تۈركلەر دېيىشتە پەقەتلا تۈركىيەدىكى تۈركلەرنى كۆزدە تۇتمىدىم. ئۆزۈم ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل تەشۋىقات قىلىۋاتقان ئىدىم، ئەمما زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان تۈرك قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيۋاتاتتىم. بۇ ھالەتتە ياشاشنى خالىمايتتىم. دوستلىرىمغا ھەرىكەت قىلغۇم بارلىقىنى بايان قىلدىم. بىراق، ئىشنى نەدىن باشلىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق كاللامدا سان يوق ئىدى.

پائالىيەتچى بولۇشنىڭ ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى باشتىنلا بىلەتتىم. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، مەملىكىتىمىزدىكىلەرنىڭ

ئومۇمىي جەھەتتىن سىرتقى دۇنيادىكى كىشىلەر توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇماتى يوق ئىدى. ئۇلار «ئاسىيادا ياشىغان ھەركىم ئاسىيالىق، خىتايلار بۇنىڭدىن بىر ئاز پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇلار ئەڭ چوڭ، ئۇ يەردە خىتايلار ياشايدۇ» دېگەندەك چۈشەنلەردە ئىدى. مەن ئۇيغۇرلارنى تىلغا ئالغىنىمدا ئۇلار ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالاتتى. ۋەتەنداشلىرىمغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشتىن نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىدىم؟ يەسلىدە ئوقۇۋاتقىنىمدا بىر ساۋاقداشىم فىنلاندىيەنى بىر ئارال دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. دۇنيا ھەققىدە بۇنداق خاتا چۈشەنچىلەردە بولغان باشقا بىر مىللەتنى تاپماق ھەقىقەتەن قىيىن. بۇ يەردىكى ئىنسانلار بەلكىم يېتەرلىك دەرىجىدە بىلمەيدۇ، ئەمما لازىم بولسا، مەن ئۇلارغا دەرس بېرىمەن. دېمىسىمۇ، مەن بىر ئوقۇتقۇچى، دەرس بېرىمەن.

قوللاشقا ۋە ياردەم ھەقىقەتەن ئېھتىياجىم بار ئىدى. بىراق، ھېچكىمنى ئۇ يېڭى ئىشىمغا ئىشتىراك قىلىشقا زورلاشنى خالىمىدىم. كۆپلىگەن ئىشلارنى ئۆزۈم يالغۇز قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ئىدىم. ئەڭ دەسلىۋىدە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىجتىمائى تاراتقۇلاردا كۆپلەپ ئۇچۇر تارقىتىشقا باشلىدىم. پولشادا بىرمۇ ئۇيغۇر يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائى تاراتقۇلاردا ئۇيغۇر دوستلارنى ئىزدەشكە باشلىدىم. نۇرغۇن كىشىلەرگە دوستلۇق ئىستىكى ئەۋەتتىم. ئۇيغۇرلار بىلەن ئىجتىمائى تاراتقۇلاردا دوستلاشقىنىمدىن خۇشال بولدۇم، شۇنداقلا بىئارامىمۇ بولدۇم. چۈنكى، يىراقلاردا ياشايدىغان، مېنى ئاز-تولا تونۇيدىغان كىشىلەر مېنى قوللاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما، ماڭا ئەڭ يېقىن ئىنسانلار قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى چۈشەنمەيۋاتاتتى ۋە قىلغانلىرىم ئۇلارغا غەيرىي تۇيۇلۇۋاتاتتى. «ئۆز ھالىڭ بىلەن بول، ئۆزۈڭنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بول» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. جاۋاب سۈپىتىدە «بۇمۇ مېنىڭ ھاياتىمدۇر، شۇنداقلا سېنىڭمۇ ھاياتىڭدۇر، بۇ ھەممىز قىلىشىمىز كېرەك بولغان ئىش» دېدىم. دۇنيا يامان تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بۈگۈن ئەركىن، بىراق، بەلكىم ئەتە ئۆزۈڭنى لاگېردا كۆرۈشۈڭ مۇمكىن. شۇ چاغدا دەيسەنكى «بۇ مېنىڭ ھاياتىم.» ئەجابا، بۇلارنى چۈشەنمەك مۇشۇنچىۋالا قىيىنمۇ؟ باشقا كىشىلەرگە ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرىشنى خالىمىساڭ، قىلمىساڭ بولىدۇ. ئەمما، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈن بولسىمۇ قىل. شۇندىقلا، ماڭا ھەرگىزمۇ «بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس» دېمىگىن. مېنىڭ قارارلىرىم ئۆزۈم ئۈچۈن.

تومۇز ئېيىدا (يەتتىنجى ئاي) خەلقئارالىق «**WhiteBlue19**» پائالىيىتىگە قاتناشتىم. **2019**-يىلى، **7**-ئاينىڭ **21**-كۈنى دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلدىم. دۆلىتىمدىكى كىشىلەردىن بۇ ھەقتە ئۈمىد كۈتتۈم. شەھىرىمىزدە بىر ئىسلام مەركىزى بار، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم بۇرۇندىن پەلەستىن ۋە يەمەن مەسىلىلىرىدە ئۇلارنى قوللاپ،ئاكتىپ ئاۋاز قېتىپ كەلدى. ئۇلارغا نامايىش ھەققىدىكى پىكىرلىرىمنى چۈشەندۈردۈم ۋە ھەممە ئىشنى ئۆزۈمنىڭ ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىمغا ۋەدە بەردىم. ئەپسۇسكى، تولىمۇ دىپلوماتىك بىر جاۋاب كەلدى، كىشىلەر مەسىلىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن قورقۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. ئۆزۈمنى بىر ئاز يالغۇز ھېس قىلدىم، ھەمدە بىر ئاز ئۆزۈمدىن نومۇس قىلدىم، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. بىراق، دوستلۇق تىزىملىكىمگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، ئۆزۈمدە يېڭى كۈچ ھېس قىلدىم. گەرچە بۇ ئىش قىيىن بولسىمۇ، ئاشۇ دوستلىرىمنى قوللىماي تاشلاپ قويۇشنى توغرا تاپمىدىم. ئۇ كۈنى — **2019**-يىلى **21**- تومۇز كۈنى ئۆزۈم تۇرۇشلۇق شەھەردە رەسمىلىك نامايىش ئېلىپ باردىم. كۆپ شۈكۈركى، ماڭا ياردەمچى بولىدىغان بىر نەچچە قېرىندىشىمىز چىقتى، يالغۇز كىشىلىك نامايىشىمنى رەسمىگە تارتىپ بەردى. تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم، ھاياجاندىن تىترەيتتىم. ئۆزۈم يالغۇز بولسام بىر تالمۇ رەسىمگە تارتالمىغان بولاتتىم.

بۇ كۈن مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى. مەن بۇنى ھېچقاچان ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. تەرەپ تەرەپتىن قوللاش سادالىرى كېلىشكە باشلىدى. (بىراق، ئەتراپىمدىكىلەردىن كەلمىدى.) كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم، ئەلۋەتتە، بۇ تونۇشۇشۇم پەقەت ئىنتېرنېتتىلا بولمىدى، چۈنكى، يېقىندا پولشادىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلگەن ئىدىم. ئۆز ئىشىمدىن ناھايىتى تەسىرلەندىم، قىلغىنىم كىچىك ئىش بولغان بولسىمۇ، ھەر ئىشنىڭ مەنىسى بار ئىدى. بەلكىم، ئۆزۈم يالغۇز كۆپ ئىش قىلالماسمەن، ئەمما، ئەڭ بولمىسا بىر قانچە كىشىگە مەنىۋىي ياردەم بېرەلەيتتىم. بېشىغا كەلگەن دەرتلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى بۇ ئارقىلىق بولسىمۇ كۆرسىتەلەيتتىم. شۇ چاغلاردىن باشلاپ، دائىملا «ھەركىم يالغۇز بولسىمۇ، ئەڭ بولمىسا بىر ئىشلارنى قىلالايدۇ» دەيتتىم.

بىر پۈتۈن خەلقنى ھېچكىم ئۆزى يالغۇز قۇتقۇزالمايدۇ. ئەمما، يېقىن كەلگۈسىدە يالغۇز بىر كىشى ھېچبولمىسا بىر ئائىلىنى، ياكى بىر كىشىنى بولسىمۇ قۇتقۇزالىشى مۇمكىن. ياردەمگە ھەر زامان تەييار تۇرۇشۇم كېرەك، باشقىلارغىمۇ مۇشۇنى ھېس قىلدۇرۇشنى خالايمەن. بۇ سەۋەبلىك ھەرىكەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرىمەن. ئىجتىمائى تاراتقۇلاردا ماقالە ۋە رەسىملەرنى ئورتاقلىشىمەن. ئۇيغۇرغا ياردەم **( Uyghur Aid)** ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۇچۇر ئامبىرىغا **( Xinjiang Victims Database )** ھەمدەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. «ئۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس» دېگەن چۈشەنچىلەر توغرا ئەمەس. بىرلا دۇنيايىمىز بار، تولىمۇ ئەپسۇسكى، دۇنيايىمىزنى بۇزۇۋەتتۇق. ھەممەيلەن جىنايەتكار ئەمەس، بىراق ھەممەيلەننىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

ئالدىنقى ھەپتە يەنە رەسىم تارتقۇزماقچى بولدۇم، بىراق، يالغۇز قالدىم، ئۆزۈم تارتقان پەقەتلا سۈپىتى ياخشى چىقمىغان بىر نەچچە نامايىش رەسىمىم چىقتى. بىراق، سۈپەت بەك مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ كۈنى بىر ئۇيغۇر بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا يالغۇز ۋە ياردەمچىسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ ھال ماڭا تېخىمۇ كۈچ ۋە جاسارەت بېغىشلايدۇ. بۇنداق بولۇشىغا قارىماي بەزى يەرلەردە قاراڭغۇلۇقلار ساقلاپ تۇرماقتا. شۇندىمۇ، ھاياتنى داۋاملاشتۇرالايمىز، ئەلۋەتتە.

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ھېكمەتيار ئىبراھىم

# ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى ، ئىستېداتلىق يازغۇچى، ۋە ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر 1951-يىلى 2-ئۆكتەبىر ئۈرۈمچىدە مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان.

باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ مەرپەتپەرۋەر ئاتا-بوۋىسى خىتاينىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن ئىلگىرى-كېيىنكى ۋەھشىيانە سىياسەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. توغرا شەكىلدىكى ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئىش-ھادىسىلەر ئۇستىدە تەپەككۇر قىلىش سەۋەبلىك ئابلىكىم باقىنىڭ قەلبىدە كىچىدىنلا خىتاينىڭ زوراۋانلىقى، زۇلمى ۋە جىنايەتلىرىگە قارشى نەپرەت ۋە ئىسيانكارلىق شەكىللەنگەن. ئابلىكىم باقى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا توققۇزتارا ناھىيىسىدە مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىنغان. 1975-يىلى 9-ئايدىن 1977-يىلى 7-ئايغىچە ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، كېيىنكى مەزگىللەردە يەنە رادىيو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر ئەپەندى 1992-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئايرىلغانغا قەدەر ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» نىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىن ئىبارەت ھەممە زىيالىي دېگۈدەك تەلپۈنىدىغان مۇھىم خىزمىتىنى تاشلاپ، 1992-يىلى ۋەتەننى تەرك ئېتىپ چەتئەلگە يېنىپ چىققان. تۈركىيەدە ياشاش جەريانىدا بىر كۈنمۇ بوش تۇرماي يەنىلا ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. خىتاي باش مىنىستىرى لى پېڭنىڭ تۈركىيە زىيارىتىگە توغرىلاپ، خىتايغا قارشى نامايىش تەشكىللىمەكچى بولغانلىقى سەۋەبلىك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قارا قولىنى سوزىشى نەتىجىسىدە تۈركىيەدە بەش كۈن قاماقتا ياتقان. 2000-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە «ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى» دە ئىشلەپ، مۇشۇ ئورگاندىن پېنسىيىگە چىققان.



ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر شېئىرلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقى تېرىغان، ئوقۇتقۇچىلىق مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى سىڭدۈرۈپ بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيلەپ چىققان. هاياتىدا كۆپلەپ شېئىر، ماقالە، مەسەل، ئەدەبىي ئاخبارات، تەرجىمهال، تارىخ, جۇغراپىيە قاتارلىق پەن ۋە ژانىرلاردا ئېسىل ۋە تەخىرسىز ئەسەرلەرنى روياپقا چىقارغان. زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر قاتارلىق مەشهۇر زىيالىي ۋە يازغۇچىلار بىلەن قويۇق باردى -كەلدىسى بولغان ئابلىكىم باقى بۇ زاتلاردىكى مىللەتپەرىۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، زۇلۇمغا باش ئەگمەسلىك ۋە ئىلىمنى سۆيۈش روهىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان شەخسلەردىن بىرىدۇر. ئەجدادىمىزنىڭ ياۋغا باش ئەگمەسلىك، ھەققانىيەت ئۈچۈن گېزى كەلسە جاندىن كېچىشتەك باتۇرانە خىسلىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ ئىنقىلابچىمىز ئادىمىيلىك پەزىلەتتىنمۇ ياخشى نېسىۋە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇز-تائامىنى يېگەن، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالغان، ئۇنىڭ بىلەن خىزمەتداش بولۇپ ئىشلىگەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئابلىكىم باقىنى هۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر ئابلىكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ قىسمەن ئەمگەكلىرى:
« ئاسارەتتىدىكى تۈرك مۇسۇلمان دۆلىتى شەرقىي تۈركىستان » ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، تۈركچە، ئېنگىلىزچە رەسىملىك كىتابچە - ئىستانبۇل 1994 -يىل، 2 - نەشرى 1995 - يىل
« ئۇلۇغ تەڭرىمىز » تەرجىمە - ( ئابدۇقادىر تۈركىستانى خىراجىتى بىلەن) تۈزگۈچى ئا. باقى 1996 - يىل
« شېهىدلار شەجەرىسى » ۋەقىپ تەتقىقات مەركىزى 1997 - يىل ئىستانبۇل
« شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى » ۋەقىپ تەتقىقات مەركىزى 1999 - يىل ئىستانبۇل
« كۈرەشچان ئەجدادلار » داستانلار - تەكلىماكان نەشرىياتى ئىستانبۇل 2012 -يىل
« چۈشۈرگىدىكى ماجىرالار » رومان - تەكلىماكان نەشرىياتى 2013 - يىل
« تۆمۈرتۇمشۇق بىلەن سېغىزخان » بالىلار شېئىرى مەسەللىرى - تەكلىماكان نەشرىياتى 2013 - يىل
« تۇلكە بىلەن خوراز » بالىلار نەسرى مەسەللىرى - تەكلىماكان نەشرىياتى 2013 - يىل

ئۆرۈمچىدە گېزىت ، ژۇرناللاردا 20 يىل ئىچىدە 550 پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئەسەرلەر- شېئىر، هىكايە، مەسەللەر ھەمدە ئىلمىي ماقالىلەر ، مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىدا 52 پارچە ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلىنغان.
نورۇز بايرىمى ئەدەبىيات، سەنئەت پائالىيتى مەزمۇنىدا تېلېۋىزىيىدە ئېلان قىلىنغان 5 پارچە تېلېۋىزىيە فىلىمىنى يېزىش ۋە فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقان.
ئىستانبۇلدا 300 پارچىغا يېقىن خەۋەر ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ ھەمدە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان .

« ئاسارەتتە ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان » فىلىمىنى يېزىپ، فىلىم ئىشلىتىپ سامان يولى تېلېۋىزيىسىدە ئېلان قىلغان. تۈركىيە ئاتا تۈرك كۈلتۈر مەركىزىنىڭ « تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتى پروجېسى شەرقىي تۈركىستان ئەدەبىياتى بۆلۈمى» مەسئۇللۇقىنى ئۆتەپ، ھەر بىرى 600 سەھىپىلىك، 30 توم كىتاب ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، ئەدىبلىرى، تاللانما ئەسەرلىرى ۋە سۆزلۈكلىرى ئۈچۈن 3000 بەتلىك ماتېرىيال يېزىپ ۋە تەييارلاپ چىقتى، بۇ قامۇسلار نەشردىن چىقتى.
ئامېرىكىدا 19 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيتى، سىياسىي ۋەزىيتى، ئىنسانىي هوقۇقى ھەمدە ئىسلامىي ئەقىدىلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى مەزمۇنىدىكى 25000 پارچىغا يېقىن ماقالە، خەۋەرلەرنى تەھرىرلەپ ئېلان قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى.

پۈتكۈل هاياتىنى مىللەتنى ئويغىتىشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىشقا ئاتىغان، بۇ يولدا ئۇن-تىنسىز هالدا ئىنقىلاب سېپىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلغان بۇ ئەركىنلىك جەڭچىسى 2019-يىلى، 8-ئاۋغۇست ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ئارىمىزدىن ئايرىلغان.

مەنبە: بۇ تەرجىمهالنى ئابلىكىم باقى ئىلتەرىبرنىڭ ئائىلە تاۋاباتى تاراتقۇلاردا ئېلان قىلغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن هېكمەتيار ئىبراهىم تەييارلىدى.

# قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى

قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىدا شۇنچىلىك مۇهىم ئورۇن تۇتقانلىقتىن ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە بۇ مۇهىم كىتابنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈش يولىدا بارچە مۇسۇلمان قەۋملەر ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قەلەم تەۋرەتكەن كىشىلەردۇر. ئادەتلەنگەن قاراش بويىچە قۇرئان ئەڭ دەسلەپتە پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ قاراشتىكىلەر قۇرئاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمىسىنىڭ 10-12- ئەسىرلەر ئارىلىقىدا پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە سامانىلار سۇلتانى مەنسۇر ( 961-976 ) I نىڭ خۇراسان ئالىملىرىغا ئەمىر بېرىپ قۇرئانى كەرىمنىڭ تەفسىرىنى تەرجىمە قىلدۇرغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. زور ساندىكى تۈرك تىللىق ئالىملار قۇرئانى كەرىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تەرجىمىسىنىڭ قاراخانىلار خاقانى سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. « قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىسلامغا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادە قىلىنغانلىقىمۇ قۇرئاننىڭ يۈسۈپ خاس هاجىبدىن بۇرۇن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغانلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇنداق قاراشتىكى تەتقىقاتچىلار 1333-يىلى ئىراننىڭ شىرازدا ئىبنى دۆلەتشاه تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ هازىر ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى 945-950- يىللىرى ئارىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەهرىدە تۇرۇشلۇق ياش ئالىم ئابدۇراهمان هاجىم قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىدىكى ئۇزۇن تارىخىي باسقۇچلار هەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ :" قۇرئان كەرىم ئىسلام ئەهلىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى. قەيەردە مۇسۇلمان بولىدىكەن، شۇ يەردە چوقۇم قۇرئان كەرىم بولىدۇ. ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە قىلغان خەلق ئۇيغۇرلاردۇر . ئۇيغۇرلار ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى دەسلەپ شەرهلەپ چۈشەندۈرگەن كىشى مەشهۇر ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم مەهمۇد قەشقەرىينىڭ ئۇستازى هۈسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف قەشقىرىي دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ زات قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد خانلىرىنىڭ مەنىۋى داهىسى، شۇنداقلا تونۇلغان مۇدەررىس ئىدى. ئۇ ئۆمرى ئىچىدە 200 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب يازغان، ئۇنىڭ بىرقانچە پارچە ئەسىرى " تۈرك تىللار دىۋانى"دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار قۇرئان كەرىمنى شەرھ ئارقىلىق چۈشىنىشتىن باشقا ئۇنى ئەرەب تىلىدىن ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چۈشىنىشتىمۇ ئالدىنقى خەلق بولغان. 12 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى 1333 - يىلى مۇهەممەد ئىبنى دۆلەتشاه دېگەن كىشى ئىراننىڭ شىراز شەهرىدە نەپىس ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان بولۇپ، جەمى 902 - بەت، هەر بىر بېتىدە توققۇز قۇر خەت بار، مەزمۇنى تولۇق، ئەرەب تىلىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئاستىغا قىزىل سىياھ بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يېزىلغان. بۇ نۇسخا هازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەهرىدىكى تۈرك ۋە ئىسلام ئەسەرلىرى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئەپسۇسكى بۇنى كىم، قەيەردە، قاچان تەرجىمە قىلغانلىقى هازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلارنىڭمۇ تەرجىمانلىرى ئېنىق ئەمەس. بۇلار هازىر لوندون ۋە تاشكەنت قاتارلىق شەهەرلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىكەن".

## 17 - ۋە 20 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى قۇرئان نۇسخىلىرى

ئابدۇراهمان هاجىم يەنە مۇنداق دەيدۇ :" قۇرئان كەرىم 17 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە يەنە كۆپ قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن: 1735 - يىلىدىن 1756 - يىلىغىچە يەركەنت هۆكۈمدارى بولغان خوجا ياقۇب دۆلەت خىراجىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇهەممەد سادىق قەشقىرى دېگەن كىشىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. قاغىلىقتا ئۆتكەن داڭلىق ئۆلىما هۈسەينخان تەجەللى 1910 - يىلى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرىنى ئىشلەپ چىققان.

تەجەللىينىڭ شاگىرتلىرىدىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا تونۇلغان ئالىم مەرھۇم ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم " تەجەللى - مۇجەللى"ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىشىچە، ھۈسەينخان تەجەللىي بۇ تەپسىرنى ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، ھۈسەيىن باي ۋە باۋۇدۇن بايلارنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان ئىكەن.يەنە شۇ يىلى چۆچەكتە يۈسۈپ داموللام دېگەن كىشىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرىنى ئىشلەپ چىققان ئىكەن. شەمسىدىن داموللام تەجەللىينىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن، قۇرئاننىڭ تەپسىرىنى يەنە بىر قېتىم ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىشلەپ چىققان. بۈيۈك ئىنقىلابچى سابىت داموللام 1937 - يىلى شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ چىققان " روشەن بايان - تۈركىي تەپسىرۇل قۇرئان" دېگەن نامدىكى ئۇيغۇرچە تەپسىر نىڭ 30 - پارىسى 1948 - يىلى غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ تەپسىرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى سابىت داموللامنىڭ غۇلجىدىكى ئوغلى ئابدۇللا 1961 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرغان ئىكەن."

ئابدۇراھمان ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، 1955 - يىلى مۇھەممەد زىرىپ قارىھاجىم غۇلجىدا "قۇرئان كەرىم تەپسىرى"نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. زىرىپ قارىھاجىمنىڭ 1926 - يىلى قەشقەردە يېزىپ چىققان قۇرئان كەرىمنىڭ "ئەممە پارىسىنىڭ تەپسىرى"ناملىق ئەسىرى 1987 - يىلى قاتاردا فاكسىمىل قىلىپ بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن 2003 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان " قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى" ئىشەنچلىكلىكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىكى بويىچە چۈشىنىشلىك ئىشلەنگەنلىكى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستان ۋە چەتئەللەردىمۇ نام چىقارغان.

مەنبە : ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2008-يىلى 8-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئالىم ئابدۇراھمان ھاجىم بىلەن سۆھبەت

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/kuran-kerim-uyghurchisi-08142008045829.html

قۇرئاننىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم سۆزلەر

| | |
|---|---|
| تەڭرى | ئاللاھ |
| بىرئىدى | ئەھەد |
| بويۇن بەرىگلى | مۇسۇلمان |
| بۈتۈگلى | مۆمىن |
| بىلمەس | جاھىل |
| ئەسەنلىك | سالام |
| ئالقىش | ھەمد |
| ئەتئۆز | نەفس |
| ئوقىماق | دۇئا |
| ئوقىغۇ | قۇرئانى كەرىم |
| يالاۋاچ | پەيغەمبەر |
| بودۇن | ئۈممەت |
| يانماق | تۆۋبە |
| يارۇقيول | شەرىئەت |
| ئۇلۇغ كۈن | قىيامەت |
| تۆرەتتۈچى | خالىق |
| ئارىغ | سۇبھان |
| يۈكۈنچ | سەجدە |
| بىتمەك | ئىمان |
| كىدىنكى | ئاخىرەت |
| تانىغلى | كافىر |
| توقۇش | جىھاد |
| تاپۇغ | ئىبادەت |
| تانماق | كۇفۇر |
| بۇلغاق | فىتنە |
| ئارتماق | فەزل |

# جەك چېرچۋارد



جەك چېرچۋارد

جەك چېرچۋارد ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ تەۋرەنمەس قوللىغۇچىسى ۋە سادىق دوستلىرىدىن بىرى. ئۇ ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىدە ئالتە يىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، جەنۇبىي فلورىدا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلېكترون ئىنژېنېرلىقى بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. جەك ئاۋىياتسىيە ـ ئالەم بوشلۇقى( NASA) ۋە دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدە 40 يىللىقتىن كۆپرەك تەجرىبىگە ئىگە. جەك بۈركۈت رازۋېتچىك ئۇنۋانى* ۋە «رازۋېتچىكلار ئاچقۇچى» مېدالىنى ئالغاندىن سىرت، يەنە 4 – ئەۋلاد ئىنژېنېر، 4 – ئەۋلاد پاتېنت ساھىبى. جەك ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى تىبەت بۇددىزمى دەپ تونۇيدۇ.

جەك ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىنىڭ ئازراق نېرىسىدىلا ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خاس تەشۋىقات باغچىسىدىن بىرى ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغان. ئۇ ھەقىقەتنى ياقىلاش ئۈچۈن، «كوممۇنىست ختاينىڭ تەشۋىقاتىغا قارشى پۇقرالار» (CACCP) دېگەن نامدا بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ، مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش – ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان. جەك ئەركىسۆيەر كىشىلەر بىلەن بىللە ختاينىڭ خاس تەشۋىقات باغچىسىدىكى كۆرگەزمىلەرگە قارشى پائالىيەت قىلغان. ئۇ تىبەتتىن، جەنۇبىي (ئىچكى) موڭغۇلىيەدىن، شەرقىي تۈركىستاندىن، تەيۋەندىن ۋە ختايدىن كەلگەن ئىشتىراكچىلار بىلەن بىللە نامايىش تەشكىللىگەن ۋە خەلقئارالىق يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرغان. 1998 – يىلى، ئۇ ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا شاھىد بولغان ۋە 2002 – يىلىدىكى ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ 3 – قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلانغان. 50 قېتىمدىن ئارتۇق نامايىش قىلىش نەتىجىسىدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ختاينىڭ خاس تەشۋىقات باغچىسى 2003 – يىلى تاقالغان.

شۇنداقلا، جەك بۇ ھەقتە گېزىتقا مەخسۇس ستون ماقالىسى يېزىپ، ختاينىڭ بۇ باغچىنى تاقىشىغا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى «كوممۇنىست ختاينىڭ تەشۋىقاتىغا قارشى پۇقرالار» (CACCP) گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ختاينىڭ خيۇستوندىكى ئەلچىخانىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، جەكنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاياتى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پۈتۈن ئاشكارا سىياسىي پائالىيەتلەرنى توختىتىشنى قارار قىلغان.لېكىن جەك ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ۋە ئۇيغۇرلارنى قوللاشنى ھېچقاچان توختىتىپ قويمىغان. جەك ئۇلۇغ بوۋىسى، ئۇيغۇرلار مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان «يوقالغان مۇ قۇرۇقلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى جېيمس چېرچۋاردنىڭ ھاياتى ۋە نەزەرىيەلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. جەكنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى « Lifting the Veil on the Lost Continent of Mu, Motherland of Men » (ئىنسانىيەتنىڭ ئانا ماكانى ـ يوقالغان مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىش، 2011 – يىلى نەشر قىلىنغان)، «Stone Tablets of Mu» (مۇ قۇرۇقلۇقىدىكى تاش ئابىدىلەر، 2014 – يىلى نەشر قىلىنغان)، « Crossing the Sands of Time: An Examination of the History and Legends of the Great Uighur Empire » (زامان ھالقىش: بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ تارىخى ۋە ئەپسانىسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش، 2019 – يىلى نەشر قىلىنغان) دېگەن ئۈچ كىتاب ئارقىلىق جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

*** ئامېرىكىدا BSA رازۋېتچىكلىك تۈرىدە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت ياكى ئۇنۋان،**

تەرجىمىدە : ئەنۋەر قاراقۇرۇم

# ۋىكتور ھيۇگونىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يازغان قەسىدىسى



شۇئقار تېكىن

ۋىكتور ھيۇگو (1802 - 1885) 19-ئەسىردىكى فرانسىيەدىلا ئەمەس، ھازىرقى دۇنيادىمۇ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئەدىپ ۋە مۇتەپەككۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەشەببۇسلىرى بىلەن ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچى كىشىلەرنىڭ يۈكسەك سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن. ۋىكتور ھيۇگونىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «خارلانغانلار» ۋە « بۇۋى مەريەم چېركاۋى» نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق. داڭلىق فرانسوز مۇتەپەككۇرى ۋە يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگونىڭ 1855 -يىللاردىن باشلاپ يېزىلىشقا باشلىغان، فرانسوز ئەدەبىياتىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقى داستانى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر «ئەسىرلەرنىڭ رىۋايىتى» (La Légende des Siècle) ناملىق ئەسىرىدە ئاللاھ، ئىسلام، قۇرئان ئايەتلىرى، ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ھەققىدە بىر قاتار شېئىرلىرىنىڭ بولغانلىقى ئۇزۇندىن مەلۇم. ھالبۇكى مۇھەممەد (Mahomet) ماۋزۇسى ئاستىدىكى بۇ بىر قاتار شېئىرلار «ئەسىرلەرنىڭ رىۋايىتى» ناملىق كىتابنىڭ 1959-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى بېريوسىلدا بېسىلغان تۇنجى نەشرىدىن باشقا نەشرلىرىدە چىقىرىپ تاشلانغان. پەقەت 1985-يىلى فرانسىيە دۆلەتلىك ئىلمى تەتقىقات مەركىزى Le Centre national de la recherche scientifique ۋىكتور ھيۇگونىڭ ۋاپاتىدىن 100 يىل كېيىن ئۇنىڭ مۇھەممەد نامى بېرىلگەن بىر يۈرۈش شېئىرلىرىنى قايتا ئېلان قىلغان. بۇ شېئىرلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى فرانسىيە ۋە دۇنيادىكى بىلىم ساھەسىدە ۋىكتور ھيۇگونىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدىكى بىر قاتار بەس -مۇنازىرىلەرگە سەۋەپ بولغان. يېقىنقى زامانلاردا ۋىكتور ھيۇگو ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان فرانسوز ئەدەبىيات تەنقىدچىسى ھېنرى گىييېمې (Henri Guillemin) نىڭ «ھيۇگو» ناملىق ئەسىرىدە ۋىكتور ھيۇگو ھەققىدە ئىنچىكە تەپسىلاتلار بېرىلگەن بولۇپ،

ۋىكتور ھيوگونىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە ئالاھىدە يەر بېرىلگەن. « مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈممۇ تونۇمايمەن؛ ئۆز ئۆزۈمگە يات مەن، مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ۋە ئىشىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يالغۇز ئاللاھ بىلىدۇ.» ۋىكتور ھيۇگونىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ۋە ئوغۇل نەۋرىلىرىنىڭ خرىستىيان ئەنئەنىسى بويىچە چوقۇندۇرۇلمىغانلىقىنى ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن خرىستىيان ئادەتلىرى بويىچە دەپنە قىلىنمىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھېنرى گىييېمې ۋىكتور ھيۇگونىڭ قەرەللىك ھالدا ئۆز ئۆيىدە يوشۇرۇن ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى يازىدۇ. ھېنرى گىييېمېنىڭ كىتابىدىكى تەپسىلاتلار ۋە ۋىكتور ھيۇگونىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەسىدىكى ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقى كىشىلەرنى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەرنىڭ راستلىقى توغرىسىدا ئويلاندۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاتاپ يېزىلغان مەرسىيە مۇھەممەد نامى ئاستىدىكى بىر يۈرۈش شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ ئۇنىڭغا “ ھىجرىنىڭ 9-يىلى” دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. شېئىرنىڭ فرانسوزچىسىنىڭ تولىمۇ ئېسىل بىر ئەسەر ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوق. ۋىكتور ھيۇگو بۇ قەسىدىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ۋاپاتىغىچە بولغان ھاياتىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى تولىمۇ نەپىس تىل بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانى تەرەپلىرىنى شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. قەسىدىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قانچىلىك چوڭقۇر سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت بىلەن باغلانغانلىقىنى شۈبھىسىز بىلىۋالىدۇ.



بۇ شېئىردا ۋىكتور ھيۇگو مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى
ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن
كەلگەن ئاخىرقى پەيغەمبەر
ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتىدۇ.
پەيغەمبەرنىڭ ئادىمىلىكىنى ،
ئەخلاقىنى، ۋە  گۈزەل مەنىۋىيىتىنى
كۆركەم تىللار بىلەن ئوبرازلىق ئەكس
ئەتتۈرىدۇ. ۋىكتور ھيۇگو مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى
ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىشىنى،
ئىنسانلارنى قىيامەتتىن
ئاگاھلاندۇرۇشىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ
تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر خوش خەۋەر
بەرگۈچى ۋە ئازاپتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى
ئىكەنلىكىنى تەسىرلىك بايان قىلىدۇ.

« پېشانىسى تىك، مەڭىزلىرى قۇسۇرسىز، يېگانە ئىدى.
قاشلارى ئىنچىكە، بېقىشلارى مەنىلىك، كەسكىن ئىدى.
مۇبارەك بوينى كۈمۈش لوڭقىنىڭ بوينى ئىدى گويا،
توپاننىڭ  سىرىنى ئۇققان نۇھنىڭ ئەسىرى ئۇندا. »

« ئەي  ئىنسانلار، ئۆمۈر تۈگەيدۇ، ھايات  ئۆتكۈنچىدۇر.
بىز  قاراڭغۇدىكى بىر زەررە،  ئۇلۇغ  بولغان ئۇدۇر،
ئەي ئىنسانلار ، ئۇندىن باشقا  رەھبىرىم  يوقتۇر ،
ئۇنىڭسىز   بىر قەدرىم ، قىممىتىم  يوقتۇر. »

« بىلىڭلاركى، مەن ئاللاھتىن كەلگەن بىر سۆز،
تۇپراقتىن ئىنسان، نۇردىن بىر پەيغەمبەرمەن.»

ۋىكتور ھيۇگونىڭ قەسىدىسىدىن 19- ئەسىردىكى شۇ
شارائىتتا ئۇنىڭ ئىسلام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە
ناھايىتى چوڭقۇر ئىزدەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.
تۆۋەندە شېئىرنىڭ ئەسلى فرانسوزچە تېكىستكى بېرىلدى.

Un poème de Victor Hugo sur le Prophète

## L'AN NEUF DE L'HEGIRE

Victor Hugo, le 15 janvier 1858

Comme s'il pressentait que son heure était proche,
Grave, il ne faisait plus à personne une reproche ;
Il marchait en rendant aux passants leur salut ;
On le voyait vieillir chaque jour, quoiqu'il eût
A peine vingt poils blancs à sa barbe encore noire ;
Il s'arrêtait parfois pour voir les chameaux boire,
Se souvenant du temps qu'il était chamelier.
Il semblait avoir vu l'Eden, l'âge d'amour,
Les temps antérieurs, l'ère immémoriale.
Il avait le front haut, la joue impériale,
Le sourcil chauve, l'oeil profond et diligent,
Le cou pareil au col d'une amphore d'argent,
L';air d'un Noé qui sait le secret du déluge.
Si des hommes venaient le consulter, ce juge
Laissait l'un affirmer, l'autre rire et nier,
Ecoutait en silence et parlait le dernier.
Sa bouche était toujours en train d'une prière ;
Il mangeait peu, serrant sur son ventre une pierre ;
Il s'occupait de lui-même à traire ses brebis ;
Il s'asseyait à terre et cousait ses habits.
Il jeûnait plus longtemps qu'autrui les jours de jeûne,
Quoiqu'il perdît sa force et qu'il ne fût plus jeune.
A soixante-trois ans une fièvre le prit.
Il relut le Coran de sa main même écrit,
Puis il remit au fils de Séid la bannière,
En lui disant : " Je touche à mon aube dernière.
Il n'est pas d'autre Dieu que Dieu. Combats pour lui. "
Et son oeil, voilé d'ombre, avait ce morne ennui
D'un vieux aigle forcé d'abandonner son aire.
Il vint à la mosquée à son heure ordinaire,
Appuyé sur Ali le peuple le suivant ;
Et l'étendard sacré se déployait au vent.
Là, pâle, il s'écria, se tournant vers la foule ;
" Peuple, le jour s'éteint, l'homme passe et s'écroule ;
La poussière et la nuit, c'est nous. Dieu seul est grand.
Peuple je suis l'aveugle et suis l'ignorant.
Sans Dieu je serais vil plus que la bête immonde. "
Un cheikh lui dit : " o chef des vrais croyants ! le
monde,
Sitôt qu'il t'entendit, en ta parole crut ;
Le jour où tu naquit une étoile apparut,
Et trois tours du palais de Chosroès tombèrent. "
Lui, reprit : " Sur ma mort les Anges délibèrent ;
L'heure arrive. Ecoutez. Si j'ai de l'un de vous
Mal parlé, qu'il se lève, ô peuple, et devant tous
Qu'il m'insulte et m'outrage avant que je m'échappe ;
Si j'ai frappé quelqu'un, que celui-là me frappe. "
Et, tranquille, il tendit aux passants son bâton.
Une vieille, tondant la laine d'un mouton,
Assise sur un seuil, lui cria : " Dieu t'assiste ! "

Il semblait regarder quelque vision triste,
Et songeait ; tout à coup, pensif, il dit : " voilà,
Vous tous, je suis un mot dans la bouche d'Allah ;
Je suis cendre comme homme et feu comme prophète.
J'ai complété d'Issa la lumière imparfaite.
Je suis la force, enfants ; Jésus fut la douceur.
Le soleil a toujours l'aube pour précurseur.
ésus m'a précédé, mais il n'est pas la Cause.
Il est né d'une Vierge aspirant une rose.
Moi, comme être vivant, retenez bien ceci,
Je ne suis qu'un limon par les vices noirci ;
J'ai de tous les péchés subi l'approche étrange ;
Ma chair a plus d'affront qu'un chemin n'a de fange,
Et mon corps par le mal est tout déshonoré ;
O vous tous, je serais bien vite dévoré
Si dans l'obscurité du cercueil solitaire
Chaque faute engendre un ver de terre.
Fils, le damné renaît au fond du froid caveau
Pour être par les vers dévoré de nouveau ;
Toujours sa chair revit, jusqu'à ce que la peine,
Finie ouvre à son vol l'immensité sereine.
Fils, je suis le champ vil des sublimes combats,
Tantôt l'homme d'en haut, tantôt l'homme d'en bas,
Et le mal dans ma bouche avec le bien alterne
Comme dans le désert le sable et la citerne ;
Ce qui n'empêche pas que je n'aie, ô croyants !
Tenu tête dans l'ombre au x Anges effrayants
Qui voudraient replonger l'homme dans les ténèbres ;
J'ai parfois dans mes poings tordu leurs bras funèbres ;
Souvent, comme Jacob, j'ai la nuit, pas à pas,
Lutté contre quelqu'un que je ne voyais pas ;
Mais les hommes surtout on fait saigner ma vie ;
Ils ont jeté sur moi leur haine et leur envie,
Et, comme je sentais en moi la vérité,
Je les ai combattus, mais sans être irrité,
Et, pendant le combat je criais : " laissez faire !
Je suis le seul, nu, sanglant, blessé ; je le préfère.
Qu'ils frappent sur moi tous ! Que tout leur soit permis !
Quand même, se ruant sur moi, mes ennemis
Auraient, pour m'attaquer dans cette voie étroite,
Le soleil à leur gauche et la lune à leur droite,
Ils ne me feraient point reculer ! " C'est ainsi
Qu'après avoir lutté quarante ans, me voici
Arrivé sur le bord de la tombe profonde,
Et j'ai devant moi Allah, derrière moi le monde.
Quant à vous qui m'avez dans l'épreuve suivi,
Comme les grecs Hermès et les hébreux Lévi,
Vous avez bien souffert, mais vous verrez l'aurore.
Après la froide nuit, vous verrez l'aube éclore ;

Peuple, n'en doutez pas ; celui qui prodigua
Les lions aux ravins du Jebbel-Kronnega,
Les perles à la mer et les astres à l'ombre,
Peut bien donner un peu de joie à l'homme sombre. "
Il ajouta ; " Croyez, veillez ; courbez le front.
Ceux qui ne sont ni bons ni mauvais resteront
Sur le mur qui sépare Eden d'avec l'abîme,
Etant trop noirs pour Dieu, mais trop blancs pour le crime ;
Presque personne n'est assez pur de péchés
Pour ne pas mériter un châtiment ; tâchez,
En priant, que vos corps touchent partout la terre ;
L'enfer ne brûlera dans son fatal mystère
Que ce qui n'aura point touché la cendre, et Dieu
A qui baise la terre obscure, ouvre un ciel bleu ;
Soyez hospitaliers ; soyez saints ; soyez justes ;
Là-haut sont les fruits purs dans les arbres augustes,
Les chevaux sellés d'or, et, pour fuir aux sept dieux,
Les chars vivants ayant des foudres pour essieux ;
Chaque houri, sereine, incorruptible, heureuse,
Habite un pavillon fait d'une perle creuse ;
Le Gehennam attend les réprouvés ; malheur !
Ils auront des souliers de feu dont la chaleur
Fera bouillir leur tête ainsi qu'une chaudière.
La face des élus sera charmante et fière. "
Il s'arrêta donnant audience à l'espoir.
Puis poursuivant sa marche à pas lents, il reprit :
" O vivants ! Je répète à tous que voici l'heure
Où je vais me cacher dans une autre demeure ;
Donc, hâtez-vous. Il faut, le moment est venu,
Que je sois dénoncé par ceux qui m'ont connu,
Et que, si j'ai des torts, on me crache aux visages. "
La foule s'écartait muette à son passage.
Il se lava la barbe au puits d'Aboufléia.
Un homme réclama trois drachmes, qu'il paya,
Disant : " Mieux vaut payer ici que dans la tombe. "
L'oeil du peuple était doux comme un oeil de colombe
En le regardant cet homme auguste, son appui ;
Tous pleuraient ; quand, plus tard, il fut rentré chez lui,
Beaucoup restèrent là sans fermer la paupière,
Et passèrent la nuit couchés sur une pierre
Le lendemain matin, voyant l'aube arriver ;
" Aboubékre, dit-il, je ne puis me lever,
Tu vas prendre le livre et faire la prière. "
Et sa femme Aïscha se tenait en arrière ;
Il écoutait pendant qu'Aboubékre lisait,
Et souvent à voix basse achevait le verset ;
Et l'on pleurait pendant qu'il priait de la sorte.
Et l'Ange de la mort vers le soir à la porte
Apparut, demandant qu'on lui permît d'entrer.
" Qu'il entre. " On vit alors son regard s'éclairer
De la même clarté qu'au jour de sa naissance ;
Et l'Ange lui dit : " Dieu désire ta présence.
- Bien ", dit-il. Un frisson sur les tempes courut,
Un souffle ouvrit sa lèvre, et Mahomet mourut.

# ئۇيغۇرلاردا مىللىي روھ چۈشەنچىسى

ئىلكان ھۈنتۈرك



فرانسىيەدىن باشلانغان ئاقارتىش ھەرىكىتى داۋامىدا غەربتە 19- ئەسىرگە كەلگەندە مىللىي روھ چۈشەنچىلىرى راۋاجلاندى. بۇ چۈشەنچە گېرمانىيەدە تارقاق ھالدىكى گېرمان بەگلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن كۈچلۈك گېرمانىيە بارلىققا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا مەيدانغا چىققان بولسا، سلاۋيان، يۇنان، ئەرمەن، سىرب، ئارناۋۇت ۋە كۈرت مىللەتچىلىكىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاش ئارقىلىق ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئېلىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مىللىي روھ بىر خىل قىساسچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ،يات مىللەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى چەتكە قېقىشنى مەزمۇن قىلغان سىياسىي ۋە مەدەنىيەتتىكى زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى تەرغىپ قىلاتتى. ئۇيغۇرلاردا ۋە تۈركىي مىللەتلەردە كۆرۈلگەن مىللىي روھ ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى بولسا بۇنىڭدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانىنىڭ غۇرۇرى ۋە قەدىر – قىممىتىنى قوغداشنى مەركەز قىلغان ھالدا ، ئىنسانچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان يۈكسىلىش مەقسەت قىلىنغاندى. مىللىي روھ ياكى ئۇنىڭ ئەمەلىي ھاياتتىكى ئىپادىسى بولغان مىللەتپەرۋەرلىك ياكى مىللەتسۆيەرلىك بىر كىشىنىڭ ئۆز مىللىتىگە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى ھەم تارىختا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى قىممەت ئۆلچەملىرىنى ھىمايە قىلغان ھالدا، ھۆرمەت، ئىشەنچ، ساداقەت، مەسئۇلىيەت، نازارەت ۋە پىداكارلىق تۇيغۇسى بىلەن باغلىنىشى، شۇنىڭدەك مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە كۈچ كۆرسىتىش روھىدۇر.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي روھ بىر خىل ئىجتىمائىي – سىياسىي پىكىر ئېقىمى ياكى پرىنسىپى سۈپىتىدە مىللەتنىڭ مەۋجۇت شارائىتتىكى رېئال ھالىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، مىللىي مەۋجۇتلۇق ۋە مىللىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش مەقسىتىدە بىر نىشان ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي روھ بىر خىل مەدەنىيەت، ئاڭ ۋە ئىرادە مەسىلىسى بولۇپ، ھەر قانداق كىشى پەقەت مۇشۇ خىل روھ بىلەن مىللەتكە باغلانغاندىلا ئاندىن مىللەتنىڭ ھەقىقىي بىر ئەزاسى ھېساپلىنىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مىللىي روھ كۈچلۈك تۈردە گەۋدىلىنىپ، مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق شۇئارىغا ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلانغان. بۇ خىل مەدەنىي ھالەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ھەر قانداق بىر ماددىي ۋە مەنىۋىي بەلگىلەردە تولۇق ئەكىس ئەتكەن. بۇلۇپمۇ باتۇر تەڭرىقۇت، ئاتتىلا، كۈرشاد، تۇنيۇقۇق، بىلگە قاغان، سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئالپ ئارسلاننىڭ مەشھۇر نۇتۇقلىرى مىللىي روھنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتەك خاراكتېرى بىلەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىنى كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگەن. يات مىللەت ئاپتورلىرىمۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىگىنى مىللىي روھقا باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئەرەپلەردىن جاھىزى، مەسئۇدى، مۇبارەكشاھ گۇرى، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ، پارسلاردىن شەمىس قاشانى، ھەمدۇللا كازۋىنى ۋە خاتىفى قاتارلىق ئالىملار ۋە قۇماندانلار تۈركىي مىللەتلەردىكى مىللىي روھنىڭ ھەر قانداق بىر مىللەت تۈركۈمىگە سىڭىشتۈرغاندا تولىمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىغىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.
<< كۆك بۆرە >> ئوبرازىدا سىمۋوللۇق شەكىلدە ئەكس ئەتكەن مىللىي روھ ئالدى بىلەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش – بىرلىك ئېڭىنىڭ كۈچلۈكلىكىدە كۆرۈلگەن. بۇ خىل روھ تۈرك، ئۇيغۇر دېگەن مىللەت ناملىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەن ، بۇ ناملاردا ئومۇمەن ئۇيۇشۇش – بىرلىك ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان كۈچ – قۇۋۋەت ۋە سىياسىي ئىقتىدار مەنىسى ئەكس ئەتكەن. << ئوغۇزنامە >> داستانىدىكى ئوغۇزخاننىڭ دادىسى ۋە تاغىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن توپلانغانلارغا << ئۇيغۇر >> دېگەن نامنىڭ بېرىلگەنلىگى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىزگە ئۇيغۇرلاردىكى مىللىي روھنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر شەخسنىڭ ياكى بىر ئەسەرنىڭ ۋە ياكى مەلۇم بىرسىياسىي گورۇھنىڭ مەقسەتلىك تەرغىباتى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان سۈنئىي ھالدىكى مىللىي روھ بولماستىن ، بەلكى ئىرقىي ئامىلدىن مەنبەلەنگەن ۋە مىللىي خاراكتېرغا ئايلانغان بىر خىل پىسخىكىلىك بەلگە ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خىتاي مەنبەلىرىدىن << شىمالىي سۇلالىلار تارىخى >> دا ئۇيغۇرلاردىكى ئويۇشۇش – بىرلىك روھى توغرىسىدا سۆز ئېچىلىپ : << ئۇلار كۈچلۈك مىللىي ئاڭغا ئىگە . گەرچە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرى كېيىنچە ئىنتايىن تارقاق بولۇپ ، ئۇلارغا قاراشلىق ئۇرۇق – قەبىلىلەر قانچىلىك يىراقلىقتا ئايرىلىپ تۇرىشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممىسى ئۆزلىرىنى < چىلى > ( ئۇيغۇر ) دەپ ئاتىغان. قىيىنچىلىق ۋە يات مىللەتلەرگە قارشى كۈرەشتە ، ئۇلار بىر نىيەت – بىر مەخسەتتە ئۆز ئارا يار يۆلەك بۇلۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇراتتى>>(1) دەپ يېزىلغان. << شىمالىي سۇلالىلار تارىخى >> دا يەنە << تېلىلارنىڭ ئۇرۇق – قەبىلىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ ، غەربىي دېڭىز (كاسپى دېڭىزى) نىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ – جىلغىلارنى بويلاپ جايلاشقان. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق – قەبىلىلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ھەممىسى < تېلى> دەپ ئاتىلىدۇ. >>(2) دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان << تېلى >> دېگەن نام دەل << تۈرك >> دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى ئىدى.(3) يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك ، ئۇيغۇرلاردا ، شۇنداقلا تۈركىي مىللەتلەردە ئويۇشۇش – بىرلىك روھى يالغۇز بىرلا مىللەت كىشىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر مىللىي ئالاھىدىلىك بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ، بەلكى يەنە بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان، تىل ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە مىللەتلەر گۇرۇھىنىڭ چوڭ بىرلىكىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان ۋە << تۈرك >> تىن ئىبارەت چوڭ بىر مىللەت قارىشىنى ياراتقان. شۇڭا، << ئورخۇن ئابىدىلىرى >> ،<< تۈركىي تىللار دىۋانى >> دا شۇنىڭدەك ئەرەپ – پارىس ۋە ياۋروپا ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇلار قانچە كۆپ تارماققا بۆلۈنۈپ ، قانچىلىك كەڭ تېررىتورىيىگە يېيىلغان بولىشىغا قارىماي ، بىردەك ھالدا << تۈرك >> دەپ خىتاب قىلىنغان.(4)

نەۋائىدىن كېيىنمۇ تاكى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى << ئۇيغۇر>> دېگەن نامدىن بەكرەك << تۈرك >> ئىبارىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ،ئۆزلىرىنىڭ تۈركىي مىللەتلەر ئورتاق گەۋدىسىگە بولغان باغلىنىشى ۋە ھىمايىسىنى ئىپادىلەپ كەلدى. نىكىتا بىچۇرىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: << كاسپىي دېڭىزىدىن تارتىپ كۆكنۇرغا قەدەر بولغان جايلاردا ئولتۇراق ۋە كۆچمەن بىر مىللەت ياشايدۇ. بۇ مىللەت تۈركچە سۆزلىشىدۇ ۋە مۇھەممەدنىڭ قانۇنىغا ( ئىسلام دىنىنى دېمەكچى– ئا ) ئىشىنىدۇ. بۇ ئىنسانلار ئۆزلىرىنى < تۈرك > دەپ خاراكتېرلەندۇرىدۇ ۋە ياشىغان مەملىكىتىنىمۇ < تۈركىستان > دەپ ئاتايدۇ.>>(5) تۈركىي مىللەتلەردىكى ئۇيۇشۇش – بىرلىك روھى ئۇلاردا بەلگىلىك بىرسىياسىي كۈچنىڭ يىتەكچىلىكىدە تەشكىللىك ۋە تەرتىپلىك ياشاش قارىشىنى ياراتقان. شۇ سەۋەپلىك ئۇلارنىڭ قۇرغان دۆلەتلىرى قانداقتۇر بىر گۇرۇھنىڭ قورال كۈچىگە تايىنىپ تىكلىگەن دېكتاتۇرىسى بولماستىن ، بەلكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇيۇشۇپ، ھۆكۈمدار بىلەن بىرلەشكەن ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغان كەڭ خەلقنىڭ غەيرىتى ۋە تۆھپىسى بىلەن شەكىللەنگەن سىياسىي تەشكىل ئىدى.

ۋەسقىلەردىمۇ دۆلەتنى قۇرغانلارنىڭ خەلق ئىكەنلىگى تىلغا ئېلىنىدۇ.(6) بۇ روھ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ سىياسىي – ھۇقۇق تارىخىدا مىللەتنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرىنى ، شۇنداقلا بىر سىستېمىغا مەنسۇپ ۋە ئورتاق مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە مىللەت تۈركۈملىرىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاپ، ئۇلارنى قۇدرەتلىك بىر دۆلەتنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئورتاق گۈللىنىش يۇرىستىگە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھاكىمىيەت قارىشىنىڭ تىكلىنىشىگە مەنبە بولغان. بۇ چۈشەنچىنىڭ تۈنجى بەلگىسىنى باتۇر تەڭرىقۇت << بارچە ئوقيا تۇتقان خەلقلەر بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى>>(7)دەپ تەسۋىرلىگەن. << تۈرك مىللەتچىلىگىنىڭ ئانا كىتابى >>(8) دەپ تەرىپلىنىدىغان << ئورخۇن ئابىدىلىرى >> دە كۆكتۈرك قاغانلىرىنىڭ شەرقتە قىدىرقان تاغلىرىدىن غەرپتە تۆمۈر قۇۋۇقچە بولغان جايلاردا ياشايدىغان تۈركىي مىللەتلەرنى كۆكتۈرك ھاكىمىيىتى ئاستىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى تەكرار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. ئۇيغۇرلار ئېغىر سىياسىي ۋە باشقا ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن قاتتىق ۋەيران بولغان چاغلاردىمۇ ئاسسىمىلاتسىيە ۋە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەي، بەلكى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ يېڭى ھاكىمىيەتلەرنى بەرپا قىلىشقا تېرىشقانلىقى ئۇلارنىڭ ئويۇشۇش – بىرلىك رۇھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئويۇشۇش – بىرلىك ، ئۆملۈك ھەممىدىن بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. شۇ سەۋەپلىك مىلادىيە 8- ئەسىردىن 13 – ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ۋە ئىران نەسىللىك بەزى خەلقلەر ئۇيغۇرلار ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ، << ئۇيغۇر >> نامىدا ئاتىلىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى(9) . بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مىلادى 13 – ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا باشقا مىللەت ئاپتورلىرى تەرىپىدىن << ئۇيغۇر يېرى >> دەپ ئاتالغانىدى. شۇنداق قىلىپ << ئۇيغۇر>> دېگەن نام گەرچە << تۈرك >> دېگەن نام بىلەن تەڭداش ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تەسىرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، مەشھۇر بۇددىزم تەرجىمانى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۆز تىلىنى << تۈرك تىلى >> ياكى << تۈرك – ئۇيغۇر تىلى >> دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش ، ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزىنى ئاۋۋال << تۈرك >> ، ئاندىن << ئۇيغۇر >> دەپ ئاتاشنى ھىمايە قىلدى.تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەدىمدە سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش – بىرلىك روھىدا ئىكەنلىگىنى يات مىللەتلەرمۇ تولۇق چۈشەنگەن. شۇ سەۋەپلىك خىتاي سۇلالىلىرى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كۈچى ۋە تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ، ھەممىدىن ئاۋۋال سىياسىي ياكى ھەربىي ۋاستىدىن بەكرەك، تەشۋىقات ۋە باشقا چارەلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش – بىرلىكىنى پارچىلاشنى ئەڭ ئاساسىي ۋاستە قىلىپ تاللىغان ۋە شۇ ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن. نەتىجىدە ھۇنلار دەۋرىدىن باشلاپ بۇ مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر تارىخىي قىسمەتلەر ئۇيۇشۇش – بىرلىك پارچىلانغاندا يۈزبېرىپ كەلدى. ھۇنلارنىڭ مەشھۇر داھىسى ئاتتىلا بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى، تەرەققىياتى ۋە شان – شەرىپى ئۈچۈن ئۇيۇشۇش – بىرلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ

ئۆتكەن ۋە قەبىلە، ئۇرۇق-تۇققانچىلىق، شەخسى مەنپەئەتنى دەپ مىللەتنىڭ مەنپەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق بىرسىنى قوماندان بولغان تەقدىردىمۇ ئاسى دەپ قارىغان.

<< ئوغۇزنامە >> دە ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئوق بىلەن يا نىڭ بىرىكىشىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ يىتەكچىلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش – بىرلىك رۇھىنى قوغداشتىكى رولىنى ئوبرازلىق شەكىلدە كۆرسەتكەنلىگى تىلغا ئېلىنىدۇ. << ئورخۇن ئابىدىلىرى >> دە ئويۇشۇش – بىرلىكنىڭ پارچىلىنىشى مىللەتكە ۋە دۆلەتكە خائىنلىق قىلىش دەپ خاراكتېرلەندۈرىلىدۇ.

ئەزەربەيجان ئالىمى ، تىلشۇناس ئا. جافەر ئوغلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئالىملار ھەققىدە توختىلىپ ، << بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ھەممىدىن كۆپرەك مىللەتچىلىك خائىشىدىكى پەلسەپە ۋە فىلىلوگىيىگە ئوخشاش پەنلەر بىلەنمۇ مەشغۇل بولغانىدى>>(10) دەپ توغرا كۆرسەتكىنىدەك، مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىنى شۇ دەۋرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەتتىكى يۇزلۇنۇش نوختىسىدىن كۆزەتكەندە كۈچلۈك مىللىي روھنىڭ مەھسۇلى ، شۇنداقلا مىللىي روھنىڭ ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ياشىغان ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قىممىتى ۋە شۆھرىتىمۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي كامالىتىدىن بەكرەك تۈرك تىلغا سادىق بولۇپ ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەش ئۈچۈن تىرىشقانلىغىدا كۆرىلىدۇ. ئەرەب ئاپتورى ئىبنى ھاسسۇلمۇ<< تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ خاراكتېرى بىر مىللەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەھەتتىكى ئىستىداتلىرىدۇر.ئۇلار تۇغۇلىشىدىنلا ھۆكۈمدار ۋە قوماندان سۈپىتىدە بۇيرۇق بېرىش ۋە مىللەتلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان>>(11) دەپ كۆرستىش ئارقىلىق تۈركىي مىللەتلەردىكى مىللىي روھنىڭ سىياسىي – ھوقۇق ساھەسىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسىنى خاراكتېرلەندۈرگەن.

تۈركىي مىللەتلەر مىللىي روھنى دۆلەت سىياستىدە تەدبىقلاشقا ھەممىدىن بەكرەك ئۇرۇنغاندى. بىلىنگىنىدەك، دۆلەتتە ھەقىقىي مۇستەقىللىق يالغۇز ئىدارە قىلغۇچى گۇرۇھنىڭ ئارزۇسى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى يەنە خەلقنىڭمۇ ئاشۇ ئارزۇ ئىچىدە بولىشى ، يەنى ئىستىقلال – مۇستەقىللىق چۈشەنچىسىنىڭ مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلانغان بولىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئورتاق بىر شۇئار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتىدە، دۆلىتىدە ناھايىتى قەدىمدىن بېرى ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كۆچۈپ بارغان ھەر قانداق بىر يېرىدە ھۆر – ئەركىن ياشاشقا ۋە مۇستەقىل سىياسىي تەشكىل (خانلىق ، دۆلەت) بەرپا قىلىشقا تىرىششى بۇنى كۆرستىپ بەرگىنىدەك ، تۈرلۈك ئۆلكە ۋە مەملىكەتلەردە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولغانلىغىمۇ ئۇلارنىڭ ئىستىقلال – مۇستەقىللىق چۈشەنچىسىدە قەتئىي چىڭ تۇرغانلىغىغا دالالەت بولىدۇ. ھۇنلارنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىن ئاۋۋال بۇگۈنكى جەنۇبىي قازاقىستان بوزقىرلىرىغا،

كېيىن ئۇيەردىن ياۋروپاغا كۆچىشى، ئۇلاردىن كېيىن ئوغۇرلار ( بەش ئۇيغۇرلار )، سىبىرلار، ھازارلار، پەچەنەكلەر، قۇمان – قىپچاقلار ۋە ئۇزلار ( ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى ) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كۆچىشى، ئوغۇزلارنىڭ ئورخۇن بويلىرىدىن سىر دەرياسى ئەتراپلىرىغا، ئۇيەردىن ئىران ۋە ئاناتولىيىگە كۆچىشى، شۇنىڭدەك ، مىلادى 840 – يىلى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە قاراپ كۆچىشى ماھىيەت جەھەتتىن ئىستىقلال – مۇستەقىللىقنى قوغداشنى ۋە يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان فۇتۇھات يۈرۈشى ھېساپلىنىدۇ.(12) تارىخىي مەنبەلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5- ئەسىرگە مەنسۇپ ساك قەبرىسى (ئالتۇن كىيىملىك شاھزادىنىڭ قەبرىسى) دىن تېپىلغان بىر كۈمۈش تاۋاقتىكى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقنى قەتئىي قوغداش توغرىسىدىكى ھۆكۈمدارغا قىلىنغان خىتاپ (13) بىلەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىردە ھۇنلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا بۆلۈنۈش يۈز بىرىپ ، جەنۇپتىكى خەن سۇلالىسىغا بېقىنىش پىكرى ئوتتۇرىغا چىققاندا، بۇنىڭغا قارشى چىققان چىچى تەڭرىقۇتنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈپ سۆزلىگەن نۇتقى تۈركىي مىللەتلەردىكى ئىستىقلال – مۇستەقىللىق قارىشىنى چۈشىنىشتە بىزنى تۇلىمۇ قىممەتلىك پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. چىچى تەڭرىقۇتنىڭ بۇ غۇرۇر كۈرىشىدە بىر مىللەتنىڭ ياشاش ئىستەكلىرى، بولۇپمۇ شان – شەرەپ بىلەن ياشاش ئىستەكلىرى ئىپادىلەنگەچكە، گېرمان خەنزۇشۇناس ف. ھىرت << تارىختا مىللەتچىلىكنى دۆلەت سىياستىنىڭ ئاساسى قىلغان تۇنجى سىياسىيون چىچىدۇر. > >(14) دەپ كۆرسەتكەن. << ھەر بىر قۇرلىرىدا قويۇق مىللەتچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان> >(15) << ئورخۇن ئابىدىلىرى >> دە نام – ئابروي ۋە شان – شەرەپ بىلەن ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىستىقلال – مۇستەقىل ھايات، دەپ كۆرستىلگەن . شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ ئىستىقلال – مۇستەقىللىقتىن ئايرىلغان ۋە باشقىلارنىڭ قولىدا بېقىندا بولغان چاغلىرى<< ئۆلدى >> سۆزى بىلەن خاراكتېرلەندۈرۈلگەن. ئابىدىلەردە يەنە ئىستىقلال – مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم بولغان دەۋرنىڭ دەرت – ئەلەملىرى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: << ئېلى بار خەلق ئىدۇق، ئەمدى ئېلىمىز قېنى؟ قاغانلىق خەلق ئىدۇق قاغانىمىز قېنى؟ بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل، پاك ، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دىدەك بولدى.>> (16)

مەلۇمكى، ئەنئەنىگە سادىق بولۇش بىلەن يېڭىلىققا ئىنتىلىش، سىرىتقى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار ۋە پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ، شۇ ئارقىلىق ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەر قانداق بىر مىللەت ئۈچۈن مىللىي روھنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ تارىختا ئەنئەننى ھىمايە قىلغان ھالدا سىرىتتىن تۈرلۈك دىنلارنى ۋە باشقا مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، سىرىتقى تەركىپلەرنى قوبۇل قىلغاندا ئىستىقلال – مۇستەقىللىقنى نەزەرگە ئېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلاتتى.خۇددى ئاتتىلانىڭ نۇتۇقلىرىدا دېيىلگىنىدەك، تۈركىي مىللەتلەردە سىرىتقى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىلىرىگە

مۇئامىلە قىلىشتا ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىگە بولغان تەسىرى مەسىلىسىگە قاتتىق دىققەت قىلىنغان. تارىخشۇناسلارنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، مىلادى 762 – يىلى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارى بۆگۈ قاغاننىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىشكە يۈزلەنگەن بۇددا دىنىنى توسۇش ئۈچۈن مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشىدا دۆلەتنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلىغى ئۈچۈن سىرتتىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان تەھدىتنى چەكلەش مەقسەت قىلىنغان. گەرچە مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ھەربىي كۈچ جەھەتتىن تاڭ سۇلالىسىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسىمۇ ، لېكىن نۇپۇسى بىر مىليۇن ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، 50 مىليۇندىن ئارتۇق نۇپۇسى بار ۋە ئۆزلىرى ئەڭ كۆپ ئالاقىدا بولىدىغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىر خىل ئىتتىقات چەمبىرىگىدە ياشاش مىللىي ۋە سىياسىي مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ھەقىقەتەن خەۋپلىك ھادىسە ھېساپلىناتتى. شۇ سەۋەپلىك ، بۆگۈ قاغان مانى دىنىغە كىرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىماقچى بولغان.( 17) بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قۇيۇش كېرەككى، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجداتلىرىمىز مىلادىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا بىر تەڭرى ئەقىدىسىگە ياندىشتۇرۇپ بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. ئىدىقۇت ۋە كەڭسۇ خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ دىن تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېرىشتى. ئىلگىرى ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن چەتكە تېپىلگەن بۇ دىننىڭ ئەمدىلىكتە قايتىدىن ئېتىبارغا ئېرىششىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى ياشاۋاتقان ماكانى ۋە خەلقارا ۋەزىيەتكە بولغان تۇنىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىرى، بۇ ئىككى دۆلەت جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن بۇددىزىم مەدەنىيىتى گۈللەنگەن رايۇنلاردا قۇرۇلدى . شۇ سەۋەپلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇددىزىم مەدەنىيىتىدىن خالى تۇرىشى ياكى ئۇنى بىراقلا غۇلىتىپ تاشلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىرى، بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى زەئىپلىششكە يۈزلەنگەن بولۇپ، قايسىلا جەھەتتىن بولمىسۇن ئۇيغۇرلارغا خەۋپ پەيدا قىلالايدىغان تەسىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. تاڭ سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن، جۇڭگودا بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللەندى ، ھەتتا بۇ ۋەزىيەتكە خاتىمە بەرگەن سۇڭ سۇلالىسىمۇ ئۇيغۇرلارغا كۈچ كۆرسەتكىدەك ھالەتكە ئېرىشەلمىدى. تاشقى مۇھىتنىڭ كۈچىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلىگەن ئۇيغۇرلار بۇ ۋاقىتتا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ھىمايىچىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.ئۇيغۇرلار بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ھىمايە قىلغاندا ، ئۇنى مىللىي ئەنئەنىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشقان ، شۇ سەۋەپلىك ئۇ << ئۇيغۇر بۇددىزمى >> شەكلىگە كىرگەن. (18) ئا . جافەر ئوغلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىگە بولغان ساداقەت روھى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: << تېمورىيلەر دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدا ھېچقايسىسى ئۇيغۇرلاردەك ئۆزىنىڭ ئادەت ۋە ئەنئەنىسىنى، يەنى تارىخىنى ساداقەت بىلەن داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئايىغى تەگكەن ھەرقانداق يەردە قوللىنىلىشى بۇ تارىخقا بولغان ھۆرمەت ۋە ساداقەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىسىدۇر.>> (19)

قىسقىسى، ئىستىقلال – مۇستەقىللىق چۈشەنچىسى ئۇيغۇر تارىخىدا مىللىي مەۋجۇتلۇق ، تەرەققىيات ۋە شان – شەرەپ بىلەن ياشاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنغان. شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇرلار ئەرگىنەقۇندىن چىققان كۈننى<< ئىستىقلال – مۇستەقىللىق كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، نورۇز ئەنئەنىسى بىلەن << يېڭى يىل كۈنى >> سۈپىتىدە تەبرىكلەپ كەلمەكتە. نورۇزنىڭ تۈركىي مىللەتلەردىكى ئەڭ مۇھىم مەنىسى ئۇنىڭ << ئىستىقلال – مۇستەقىللىق كۈنى>> سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەردىكى ۋەتەن چۈشەنچىسى ناھايىتى مۇقەددەس بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئائىلە، مەھەللە، يۇرتقا بولغان كۈچلۈك مۇھاببەت ۋە ساداقەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بەلگىسى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن. ۋەتەنگە باغلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ساداقەت ـ پىداكارلىق كۆرسىتىش << مىللىي ئالاھىدىلىك >> كە ئايلانغان. شۇ تۈپەيلى ، قەدىمدە << ئۇلۇش >> سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنغان ۋە بەلگىلىك چېگرىسىبولغان دۆلەت زىمىنىغا قارىتىلغان ۋەتەن ھۆكۈمدار ئائىلىسىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى بولماستىن ، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ئورتاق زېمىنى، ھاياتلىق ، مەۋجۇتلۇق ، تەرەققىيات تۈپرىغى ، شۇنداقلا خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق سورۇنى ھېساپلىناتتى.

تۈركىي مىللەتلەردە ۋەتەنگە سادىق بولۇش بىلەن بىرگە سەيياره، كۆچمەن ۋە ھەرىكەتچان تۇرمۇش كەچۈرۈش بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىنغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەتەن چۈشەنچىسى قانۇن ۋە ھۆرلۈك بىلەن بىرىككەن بولۇپ، بۇ ئىككى شەرتتىن مەھرۇم بولغان چاغدا ، ئۇلار يېڭى بىر يۇرت قۇرۇش ئىستىكىدە، ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلاتتى .بۇ توغرىسىدا جۇڭگو مەنبەلىرىدە << ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوغا تەسلىم بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۆز ۋەتىنىنى ئاسانلىقچە ئۇنۇتمايدۇ >>(20) دەپ مەلۇم چۈشەنچە بېرىلگىنىدەك، جاھىزى بۇ نوقتىنى << ۋەتەن مۇھاببىتى بارلىق ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان بىر خىل ھېسىياتتۇر. لىكىن، بۇ خىل ھېسىيات تۈركلەردە تېخىمۇ ئۈستۈن ۋە يۈكسەكتۇر >>(21) دەپ خاراكتېرلەندۈرگەن. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم << تۈركلەر ۋەتىنىگە ناھايىتى سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان بېرىدۇ. ھېچقاچان ۋەتىنىنى ئۇنۇتمايدۇ. قەيەرگە بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ، ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. تۈركلەرنى باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن قىلغان ئامىل دەل مۇشۇ خۇسۇسىيەتتۇر. تۈركلەر بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. >> (22) دەپ تەرىپلىگەن .تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغانلىقى يەنە ئىران داستانلىرىدىمۇ سۆزلىنىدۇ. ئىران داستانلىرىدا تۇماريس ۋە شىراق قەھرىمانلىقلىرى بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە بېرىلگەن. ئومۇمەن قىلغاندا، تۈركىي مىللەتلەردە جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا ۋەتەن چۈشەنچىسى ۋە مۇھاببىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇشتەك خاراكتېرى بىلەن ھەرقانداق بىر مىللەت تۈركۈمىدىن پەرقلىق ھالدا سىياسىي ئىستىقلال – مۇستەقىللىق پىكرى بىلەن بىرگە

داۋاملىشىپ ماڭغان. ئۇلار تەشكىللىك ۋە قانۇنىي ئاساستا، ئىختىيارى، ئەركىن ، ھۆر ۋە مۇستەقىل ياشالىغان زېمىننى ۋەتەن دەپ ھېساپلىغان.

ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تارىخىدىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدىكى ، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى چېكىنىشى ، نام – شۆھرەت قازىنىشى ياكى ئۇنتۇلۇشى ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 13 – ، 14 – ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخىدا سىياسىي- ھوقۇق چۈشەنچىسىنىڭ كۈچىيىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلىپ ، تەسىرى ۋە نام – ئابرويىنىڭ ئاسىيادىن ھالقىپ ھەتتا ياۋروپا ۋە ئافرىقىغىمۇ تارىلىشى ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاياتىنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدە مىللىي روھنى يېتەكچى قىلغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى چېكىنىش ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىشىدە نۇرغۇن سەۋەپلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى بەزى كىشىلەر جار سېلىۋاتقىنىدەك قانداقتۇر << يىپەك يولى >> نىڭ ئۈزۈلۈپ، << دېڭىز يولى >> نىڭ ئېچىلىشىغا باغلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى مۇشۇ مەزگىللەرنىڭ ئالدى – كەينىدىكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مىللىي روھنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان ئامىللارنىڭ كۆرۈلىشكە ۋە كۈچۈيىشكە باشلىغانلىقىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. بۇ توسقۇنلۇقمۇ دەل سىرىتقى مۇھىتتىن قوبۇل قىلغان تۈرلۈك ئېتىقاد شەكىللىرى ۋە ئاشۇ ئېتىقاد شەكىللىرىگە ئەگىشىپ كىرىپ كەلگەن مەدەنىيەت بەلگىرىنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشىدىن بولغان .

مەلۇمكى ، دىن باشقا مەدەنىيەت بەلگىلىرىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان ئالاھىدە بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېساپلىنىدۇ. دىن بىر مىللەتنىڭ روھى ھالىتى، تارىخى ۋە مەدەنىيتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ياكى مىللەتنىڭ ھاياتىنى قايتا قۇرىدىغان ھالەتنى پەيدا قىلالايدۇ. تارىخشۇناسلارنىڭ دەلىللىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى يۈزىسىدىن كۆك تەڭرى دىنىگە ياندىشتۇرۇپ ، سىرىتتىن قوبۇل قىلغان مانى ۋە بۇددا دىنلىرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قانچىلىك دەرىجىدە مىللىي خاراكتېرگە بويسۇندۇرۇلىشىدىن قەتئىينەزەر ، يەنىلا ئۇلارنىڭ مىللىي روھىنى چەكلەپ تۇرۇش رولىنى ئوينىغان . بۇ توغرىسىدا << تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى >> نىڭ << قاراخانىيلار >> ماددىسىدا : << بۇددىزم ۋە مانى دىنىنىڭ مىللىي خاراكتېرگە ماس كەلمەيدىغانلىقى ئاسانلا چۈشىنىلدى. تۈركلەرنى يات مەدەنىيەتكە ئېتتىرگەن، جاھانگىرلىك خاراكتېرىنى يوقاتقان، ھەتتا ھەربىي ئۈستۈنلىكىگە ۋە تەشەببۇسكارلىق تالانتىغا زىيان يەتكۈزگەن بۇ دىنلار تۈرك جەمئىيىتىدە كرىزىس پەيدا قىلىش ، مەنىۋىي قىممەتنى ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. يەنە تۈرك دۆلىتىنىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىگىنى ۋەيران قىلىپ ، پالەچ ھالەتكە دۇچار قىلغان>> (23)

ئىدىقۇت ۋە كەڭسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچلۈك سىياسىي ۋەھەربىي كۈچ تەشكىللەپ ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنى ئۆزىنىڭ ھېمايىسىگە ئالغان چوڭ بىر ئىمپېرىيىگە ئايلىنالماسلىقى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسىي ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى بۇ دىنلارنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەش رولىنى ئوينىغانلىقىدىن بولغان. شۇنداقتىمۇ بۇ دەۋر مەدەنىيتىگە مەنسۇپ پاكىتلار بىزگە بۇ دىنلارنىڭ چەكلەپ تۇرۇش رولىنى ئوينىيالىغان بولسىمۇ، لېكىن مىللىي روھنى ۋە تارىخنى ئۇنتۇلدۇرۇش دەرىجىسىگە بارالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە . شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇددا ۋە مانى دىنىنىڭ بۇ ئىككى تارماقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ، سەنئەت ، تەرجىمىچىلىك ۋە مىمارچىلىق تارىخىدا ياراتقان پايدىلىق– ئىجابىي تەسىرىنىڭ زورلۇقىنى ئىنكار قىلغىنى بولمايدۇ.بۇددا ۋە مانى دىنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، غۇرۇر، شەرەپ، ئۈستۈنلۈك، ھەققانىيەت بىلەن ياشاشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىدىغان، تولىمۇ ئەمەلىيەتچىل ۋە << ئەخلاق دىنى >> بولغان ئىسلام دىنى ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنى ئەخلاق ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر مىللەت سۈپىتىدە بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلۇشىشىدىكى بىر ۋاستە ۋە سىرىتقى مەدەنىيەتنىڭ ئىستىلاسىنى چەكلەپ تۇرۇشتىكى مۇھىم قورالىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ قاراخانىيلار ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئۆتكەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، بۇ يېڭى ئەقىدىنى مىللىي روھقا ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن << تۈرك ئىسلام مەدەنىيتى >> نىڭ بىر مۇنچە ئۈتۈقلىرىنى ياراتقان . ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئەگىشىپ كىرىپ كەلگەن ئەرەپ – پارىس مەدەنىيتىنىڭ باشقا بەلگىلىرىمۇ تۈرك مىللىي مەدەنىيتىنىڭ بىر قۇشۇمچىسى سۈپىتىدە ياندىشتۇرۇلغان.

ئىسلام دىنىدا ئەمەلىيەتچىل تەرەپلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەڭرىلىك ئېتىقادى بىلەن بىردەكلىك تەشكىل قىلىدىغان ، مىللەت ۋە مىللىي روھنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەقىدىلەر بار ئىدى .ئىسلام دىنى ئىنتېرناتسىئونال خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، بۇ چوڭ بىرلىك پەقەت ئىسلام ئېتىقادى ئاساسىغا ئۇيۇشۇشنى كۆرسىتىدىغان بىرلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسلام ئەقىدىسىدە بۇ دىنىنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيتىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان. شۇنداقلا << ئەگەر رەببىڭ خالىغان بولسىدى، يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئىمان ئېيتقان بولاتتى . شۇنداق تۇرسا سەن ھەممىسىنى مۆمىن بولسۇن دەپ مەجبۇرلامسەن>> (سۈرە يۇنۇس ، 99 – ئايەت )(24)، << دىندا زورلاش يوقتۇر >>( سۈرە بەقەرە ، 256 – ئايەت ) (25)، << سەن پەقەت بىر ۋەز – نەسىھەت قىلغۇچىسەن، ئۇلارغا بېسىم قىلغۇچى( ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن>>(سۈرە غاشىيە، 21- 22 – ئايەتلەر )(26) دېگەن ئايەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەرغىپ قىلىنغان. مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا ۋىجدانغا بېسىم يوق بولۇپ، ۋىجدانغا، مىللىي روھقا، تارىخقا ۋە مەدەنىيەتكە ھۆرمەت كۆرسىتىش

<< قۇرئان >> نىڭ بۇيرىقى ئىدى. دېمەك، ئىسلام دىنى ئەقىلنىڭ ھېس قىلدۇرىشى بىلەن شەكىللەنگەن بىرلىكنى تەرغىپ قىلاتتى . بۇنىڭ مىللەتنىڭ ئويۇشۇش روھىنى كۈچەيتىشى ۋە چوڭ بىرلىگىنى شەكىللەندۇرىشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا بۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يات ھىسياتنى ئارىلاشتۇرىۋېلىشتىن يانمىغان. ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ نەزىرى بويىنچە بولغاندا پۈتۈن ئىنسانلار << مۇسۇلمان >> ۋە << كافىر>> ( يات دىندىكىلەر) دەپ ئىككىلا تۈركىمگە ياكى ئىككى مىللەتكە ئايرىلاتتى . شۇ ۋەجىدىن ئىرق ، مىللەت ، تىل ، مىللىي روھ ۋە مەدەنىيەت پەرقى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام ئېتىقادىدىلا بولسىلا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرئۈممەت – بىر خەلق( بىر مىللەت) سۈپىتىدە قارالغان. ئىسلام ئېتىقادىنىڭ سىرتىدىكىلەر بولسا ئەسلىدە بىر مىللەت بولسىمۇ ، غەيرى ئىنسانلار سۈپىتىدە قارىلىپ چەتكە قېقىلغان، قىرغىن قىلىنغان. نەتىجىدە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق چۈشەنچىگە ئاساسەن، ئىسلامىيەتنىڭ سىرتىدىكى ئەجداتلار ۋە قېرىنداشلار بىلەن بولغان چەك – چېگرانى ئېنىق ئايرىپ ، ئۆزىنىڭ ھاياتى، روھى ۋە مەدەنىيىتىنى قايتا تىكلىگەچكە، بۇ ھالەت تەبىئىي ھالدا تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئاساسىنىڭ ئۇنتۇلىشىدەك ھادىسىنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولۇپ قالغان.قاراخانىيلار ئىسلام ئېتىقادى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى مىللىي سىياسەت قىلىپ تاللىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى قانلىق كۈرەش ۋە تارىخ بىلەن مەدەنىيەتنى بىراقلا ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا ،بۇ ھالەت ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرلىكىنى ۋۇجۇتقا چىقارمايلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى بىر بىرىگە رەقىپ قىلىۋەتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن سۆز ئاچقاندا، مىللىي روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ، ئۇلارنى تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى ۋە ماھىر مەرگەنلەر دەپ ماختىسا ، دىنىي ھىسيات نوقتىسىدىن چىقىپ، ئۇلارنى ئەشەددىي كاپىر دەپ قاراپ ، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ يازغانلىقى بۇنىڭغا بىر مىسال بولىدۇ. دېمەك ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى << مىللىي شۇئار >> نى يېتەكچى قىلغان ھالدا ، مىللەتنى ھىمايە قىلىش ، تارىخنى ۋە مەدەنىيەتنى قوغداش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ پارچىلىنىپ تۇرۇش ھالىتى ئۇزاق داۋاملىشىپ ، ئۇيغۇرلانىڭ مىللىي روھىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئېغىر دەز كەتكەن .

مىللىي روھنى ئويغىتىدىغان ،مىللەتكە يول كۆرسىتىدىغان، مىللەتنىڭ يۈكسىلىشىنى مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئەدەبىياتىمىز تارىخىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرى، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئارزۇلىرى، مىللىي قەھرىمانلىرىمىز – ئۇلۇغ سىمالىرىمىز ،مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان خەلقنىڭ رېئال ھالىتى ۋە ئۈمىدى ئاشۇ خەلققە چۈشىنىشلىك تۈركىي تىل بىلەن ئىپادىلىنىپ ، روھ ۋە غۇرۇرنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا كۈچ – قۇۋۋەت ئاتاقلىپ يول كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا ، ئەرەپ – پارس ئەدەبىياتىدىكى موتىفلار ۋە ئوبرازلار ( << مىڭ بىر كېچە >>، رۇستەم، جەمشىد، فەرىدۇن ، سىياۋۇش قاتارلىق) ۋە ئاشۇ ئەدەبىيات ئۇسلۇبىدىكى تېمىلار سۆزلىنىپ رېئاللىقتىن يىراقلىشىپ كەتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئەدەبىيات پارس تىلىدا يېزىلغان . تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر دىمۇ ئەرەپ – پارىس تىلىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇمۇ جانلىق تىلدىن يىراقلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل ئەدەبىياتتىن ھەرگىزمۇ خەلقىمىزگە مەنىۋىي يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈتكىلى بولمايتتى. بارتولدمۇ بۇ ھالەتنى << تۈركلەرگە- ئۇيغۇرلارغا ئىسلامىيەتنىڭ ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى شۇ دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان ئىدىكى ، تۈركلەر- ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تارىخنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتتى>> (27) دەپ سۈرەتلەيدۇ. مەدەنىيەتتىكى مۇشۇ ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن ، مىللىي روھنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى بولغان << ئوغۇزنامە >> داستانى قاراخانىيلار تەۋەسىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قەلەمگە ئېلىندى. ئاپراسياپ (قاراخانىيلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىدىن كېيىن ئۇنتۇلدى) ، تۇنيۇقۇق ۋە بۆگۈ قاغانغا ئائىت خاتىرىلەرمۇ مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلاندى.(28) بۇددا ۋە مانى دىنىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا قارىماي ، مىللىي روھقا باغلىنىشنى داۋاملاشتۇرغان مانا شۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى دەۋرىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مۇنبىرىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىرىشىپ ،ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە شەرەپ ئاتا قىلالىدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر تىل – يېزىقىنى ئاسىيادىن ھالقىپ ياۋروپا(ئوكرائىنا ۋە لاتۋىيە) دىمۇ شۆھرەت قازانغان خەلقارالىق مەدەنىيەتكە ئايلاندۇردى.(29)دېمەك، قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرىقى دەۋرىدىن باشلاپ ، بۇخانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردا، مىلادى 14 – ئەسىردىن باشلاپ پۈتكۈل ئۇيغۇرلاردا مىللىي روھ مىللەت خاراكتېرلىق يېتەكچى پرىنسىپ بولۇشتىن قىلىپ ، پەقەت كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن كۈچ ھالىتىدە ساقلىنىشقا يۈزلەنگەن بىر مەنىۋىي ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ بۇ يوشۇرۇن كۈچ يات – يات مەھەللىۋىي ياكى بىرەر شەھەر دائىرىسىدە بولسىمۇ ئۆزىنى ئىپادىلەپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى ئىكەنلىگىدىن سادا بېرىپ كەلدى.

مەنبەلەر:

**(6) (12)** << ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى >> ، تۈركچە، **12**- توم ، **2** – قىسىم ، **223**- ، **227** – ،**244** -، **260** – بەتلەر ، **1988** – يىلى ، ئىستانبۇل.

(1) دۈەن لىيەنچىن : << دىڭلىڭلار، تۇرالار ۋە قاڭقىللار >> ، ئۇيغۇرچە،81 – ، 86 – بەتلەر ، 1997 – يىلى ، ئۈرۈمچى.
(2) لى يەنشۇ : << شىمالىي سۇلالىلار تارىخى >> ، ئۇيغۇرچە، 568 – ، 569 – بەتلەر، 2000 – يىلى ، ئۈرۈمچى .

(3) (17) << تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى >> ، تۈركچە، 33 – توم ، 147 – ، 151 – بەتلەر، 1984 – يىلى ، ئەنقەرە.
(4)(5) بايمىرزا هايىت : << سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى تۈركلۈكنىڭ ۋە ئىسلامىيەتنىڭ بەزى مەسىلىلىرى >> ، تۈركچە، 193 – بەت، 1987 – يىلى ، ئىستانبۇل.
(7) سىماچيەن: <<تارىخىي خاتىرىلەر>> ، ئۇيغۇرچە ، 1988 – يىلى ، ئۈرۈمچى.
(8) << تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى >> ، تۈركچە ، 25 – توم ، 487 – بەت ، 1977-يىلى، ئەنقەرە.
(9) ۋېي لياڭتاۋ : << قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان>> ، ئۇيغۇرچە، 106 – بەت ، 2000 – يىلى ، ئۈرۈمچى .
( 16) << قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار >> ، ئۇيغۇرچە، 80 – ، 84 – ، 85 – بەتلەر ، 1983 – يىلى ، ئۈرۈمچى.
(10) (19) ئا. جافەر ئوغلى : << تۈرك تىلى تارىخى >> ، تۈركچە، 2 – قىسىم، 18 – ، 208 – بەتلەر، 1984 – يىلى، ئىستانبۇل.
(11) يىلماز ئۆزتۇنا : << بۈيۈك تۈركىيە تارىخى >> ، تۈركچە، 2 – توم، 391 – بەت، 1977 – يىلى ، ئىستانبۇل.
(14) (15) (22) يىلماز ئۆزتۇنا : << بۈيۈك تۈركىيە تارىخى >> ، تۈركچە، 1 – توم، 50 – ، 51 – ، 95 – ، 100 -، 101- ، 140 – ،141 – بەتلەر، 1977 – يىلى، ئىستانبۇل.
(13) ئايدىن تانەرى : << تۈرك دۆلەت ئەنئەنىسى >> ( تۇنۇگۇن – بۈگۈن ) ، تۈركچە، 11- بەت، 1981 – يىلى ،
(20) جاك رېنتاك : << تاڭ دەۋرىدىكى شەرقىي كاۋك تۈركلەر ھەققىدە يېڭى ھۆججەتلەر >> ، تۈركچە، 67 – ، 174 – بەتلەر، 1968- يىلى ، تەيبېي.
(18) مۇستاپا ئەرگۈن : << تۈرك مائارىپ تارىخى >> ، تۈركچە، ئىنتېرنېتتىن ئېلىنغان نۇسخا.
(21) (28) ئا. زەكىي ۋەلىدى توغان : << ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش >> ، تۈركچە، 100 – ، 106 – ، 168-بەتلەر ، 1 198 -يىلى، ئىستانبۇل.
(23) << تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى >> ، تۈركچە ، 21 – توم ، 287 – بەت ، 1974 – يىلى ، ئەنقەرە.
(24) (25) (26) ئىبراھىم ئاگاھ چۇبۇكچۇ : << مەدەنىيەت تارىخىمىزدا دىن >> ، تۈركچە، << بەللەتەن >>، 1990- يىلى، 4 – سان، 778 -بەت.
(27) ۋ. ۋ. بارتولد ، م . ف. كاپرۇلۇ: << ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى >> ، تۈركچە، 1940 – يىلى، ئىستانبۇل.
(29) ئا. جافەر ئوغلى : << تۈرك تىلى تارىخى >> ، تۈركچە، 1 – قىسىم، 178 – بەت،1984 – يىلى ، ئەنقەرە.



# خىتاينىڭ سودا ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش

كايل باس بىلەن ستىۋ باننون ئارىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى

2019-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى



ستىۋ باننون ــ 2016 – يىلىدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا دونالد ترامپنىڭ سايلام پائالىيەتلىرىنىڭ پىلانلىغۇچىسى بولغان. ئاقساراينىڭ بۇرۇنقى باش ئىستراتېگىيىچىسى



كايل باس ــ «Hayman Capital Management» نامىدىكى خەۋپتىن ساقلىنىش فوندىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى

كايل باس: سىزنىڭچە خىتاينىڭ ھەقىقىي نىيىتى، يەنى چوڭ پىلانى زادى نېمە؟

ستىۋ باننون: ئەمەلىيەتتە، خىتاينىڭ چوڭ پىلانى ناھايىتى ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش. ئۇلارنىڭ بۇ خىل نىيىتى «بىر بەلباغ بىر يول» قۇرۇلۇشى ۋە «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» نىشانىدا تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا تۇپراقلىرىدىكى، كارىب دېڭىزىدىكى، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى»نىڭكىدىن ئېشىپ كەتسە كېتىدۇكى، ھەرگىز كەم ئەمەس. ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكىغا قارشى ئىقتىسادىي ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ھە دەپ ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، قوشۇنلىرىنى كۈچەيتىپ، قوراللىرىنى سەرخىللاشتۇرۇۋاتىدۇ، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى قامال قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.. ئۇلارنىڭ غايەت زور نىشانغا ئىگە رايون ئىستراتېگىيەسىنى

يۇقىرىقىلاردىن ئوپئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، رايون سىياسەتشۇناسلىقى (گېئوپولىتىكا)نىڭ ئۈچ چوڭ نەزەرىيەسى (1) ماكىندىرنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق نەزەرىيەسى (2) ماھاننىڭ ئوكيانلاردىكى توسۇق نۇقتىلارنى بۇزۇپ تاشلاش نەزەرىيەسى (3) سپېكمەننىڭ دۇشمەننى چوڭ قۇرۇقلۇققا يېقىنلاشتۇرماسلىق نەزەرىيەسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، خىتاي دۇنيا تارىخىدا بۇ ئۈچ نەزەرىيەنى تەڭلا قوللانغان بىردىنبىر دۆلەتتۇر. ناپالېئون ۋە ھىتلېر ماكىندىرنىڭ «قۇرۇقلۇق ھوقۇقى» نەزەرىيەسىنى قوللانغاندى، بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى ۋە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سىستېمىسى ماھاننىڭ «دېڭىز ھوقۇقى» نەزەرىيەسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. سپېكمەننىڭ نەزەرىيەسى بولسا 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاينىڭ «بىر بەلباغ بىر يول» قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە خىتايدىن ئىتالىيەگىچە داۋاملاشقان قەدىمىي يىپەك يولىنى قايتا بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى (2018 – يىلى 10 – ئاينىڭ 5 – كۈنى) گېزىتتە دېيىلگىنىدەك، بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال دى ماي ۋە باشقا ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بېيجىڭدىن يېڭىلا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پىلانى «بىر بەلباغ بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ماركو پولونىڭ يۇرتى بولغان ئىتالىيەگە كىرگۈزمەسلىكتۇر. شۇنداقلا، بۇ ھەپتە مالدىۋى جۇمھۇرىيىتىمۇ ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ مالدىۋدا ماھان نەزەرىيەسىدە كۆرسىتىلگەندەك دېڭىز ئارمىيە بازىسى ۋە توساق نۇقتا قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش پىلانىنى رەت قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، سپېكمەننىڭ نەزەرىيەسىدە كۆرسىتىلگەندەك، خىتاي يەنە تەيۋەننى ۋە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ئامېرىكىنى تىنچ ئوكياندىن ۋە ياۋرو – ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن قوغلاپ، گۇئام ئارىلىغا چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىتاينىڭ ئىستراتېگىيەسىگە قارىتا. ۋال كوچىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر، لوندون پۇل مۇئامىلە شەھەرچىسىدىكى ۋە فرانكفورتتىكى كىشىلەر «ئۇلارنىڭ زېمىن كېڭەيتىش نىيىتى يوق، ئۇلار تارىختىن بېرى كېڭەيمىچى دۆلەت ئەمەس ئىدى» دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، خىتاي گېئوپولىتىكا نۇقتىسىدىن كېڭەيمىچى بىر دۆلەتتۇر.

كايل باس: خىتاي 2008 – يىلدىن ئىلگىرى ئۆزىنى نىسبەتەن ئاجىز ئىقتىسادىي گەۋدە دەپ قارايتتى. ئەمما نۆۋەتتە «خىتاي دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان موتور» دېگەن كۆز قاراش دۇنيا مىقياسىدا قوبۇل قىلىنغاندەك تۇرىدۇ. سىزچە خىتاينىڭ 2008 – يىلى يۈز بەرگەن پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي ئۇتۇقلىرى ياكى ئۆزى دەۋا قىلىۋاتقان ئاتالمىش ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى خىتاينىڭ گېئوپولىتىكا جەھەتتە جاسارەتلىنىشىگە تۈرتكە بولغانمۇ قانداق؟

ستىۋ  بانىنون: مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بىر دۆۋە قۇمنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ (خىل تۈزۈلمە) 2008 – يىلىدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىنمۇ ئېغىر بولغان ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نوقۇل ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ (ئىسلاھات – ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى) 30 يىللىق «ئۇتۇق»لىرى ھەقىقەتەن زور. لېكىن، غەربنىڭ سەرخىللىرى ئەھۋالنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى، دەل شۇلارنىڭ مەبلىغى خىتاينى زورايتتى. ئەمەلىيەتتە، ترامپنى بۇنچە ئالاھىدە دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ «خالايىق! دۇنيا چوقۇم ھازىرقىدەك بولۇشى كېرەك ئەمەس. ئەھۋال ئەسلى باشقىچە بولۇشى لازىم ئىدى. بىز خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدۇق. (ھازىرقى ئىقتىسادى گۈللەنگەن) خىتاينى بىز قۇرۇپ چىقتۇق» دېدى. لېكىن، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئاڭلاپ كەلگىنى «بۇ دېگەن <ئىسسىقلىق مېخانىكىسىنىڭ 2 – قانۇنىيىتى>، يەنى خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان، مۇقەررەر فىزىكىلىق قانۇنىيەتتۇر» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، ترامپ: «ئۇنداق ئەمەس، خىتاي (غەربتىكى) سودا بانكىلىرى، مەبلەغ بانكىلىرى ۋە خىتايغا باش ئەگكەن شىركەتلەرنىڭ ياردىمىدە قەد كۆتۈردى» دېدى. شۇنداقلا، مەن يەنە بىر نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچىمەنكى، مەن دېگەن بۇ سۆزلەر خىتاي خەلقىگە، پۇقرالىرىغا قارىتىلمىغان. ئەكسىچە، بىزنىڭ قارشىمىزدا تۇرغىنى ھاكىم مۇتلەقلىق ئىدىيەسىدىكى خىتاي كومپارتىيەسىدۇر. ئەمەلىيەتتە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى «داۋوس»چىلار بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ، «داۋوس»چىلار (غەربتىكى) پەن تېخنىكا، ئىنژېنېرلىق، باشقۇرۇش، پۇل مۇئامىلە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى سەرخىللار بولۇپ، ئۇلار كۆرۈنۈشتە «داۋوس دۇنيا ئىقتىسادى مۇنبىرى»غا تەۋەدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار لوندوندىن، نيۇيوركتىن، ۋاشىڭتوندىن كەلگەن.

كايل باس: خىتايلار 2001 – يىلى (دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان)دىن باشلاپلا بىز بىلەن سودا ئۇرۇشى قىلىۋاتىدۇ. پەقەت بىز بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىغانىدۇق، خالاس.

ستىۋ بانىنون: 1946 – يىلى 2 – دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ تاكى 2000 – يىلىغىچە، مەيلى ۋەزىيەت ياخشى بولسۇن، ياكى كرىزىس كۆرۈلگەن يىللاردا بولسۇن، ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئېشىش نىسبىتى 3.5% بولغان. ئەنە شۇ خىل ئېشىش سۈرئىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، بىز دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلانغانىدۇق.ئەمما، خىتاي دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، سودىدا ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىدىكى ئېشىش نىسبىتى 1.9% قا چۈشۈپ قالدى.ئەلۋەتتە، بۇ خىل تۆۋەنلەشكە سەۋەب بولغان نۇرغۇن ئامىللار بار. لېكىن، يادرولۇق ئامىل يەنىلا خىتاي. چۈنكى، بىز «سانائەتسىزلەشتۈرۈش» سەۋەبلىك ياسىمىچىلىق كەسپلىرىمىزنى خىتايغا  يۆتكىدۇق. (شۇ سەۋەبلىك خىتايلار بۇ جەھەتتە شىددەتلىك تەرەققىي قىلدى.)

ھازىر خىتاي ماللىرىدىن ئېلىنىۋاتقان تاموژنا بېجىنى كۆلەم ۋە مىقدار جەھەتتىن بەك يۇقىرى دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئامىللارنى بىر يەرگە جۇغلىغاندا، ترامپنىڭ شۇنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز: «بىز ھازىر (خىتاي بىلەن) ئىقتىسادىي ئۇرۇشنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا بىز خىتايغا ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئارقىلىق قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. بىز سودا قانۇنىنىڭ 301 – ماددىسىغا ئاساسەن، خىتاينىڭ مەجبۇرىي تېخنىكا يۆتكىشىنى چەكلەيمىز. خىتايدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە تاموژنا بېجى ئالىمىز. ئەگەر بىز ZTE غا ئوخشاش خىتاي شىركەتلىرىنى ۋەيران قىلىمىز دېسەك، غەرب ئۇلارغا پارچە زاپچاسلارنى سېتىپ بەرمىسىلا ئىش تۈگەيدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلساق ئۇلار 90 كۈن ئىچىدىلا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختايدۇ».

بۇنىڭدىن سىرت، ترامپ تۈزگەن «شىمالىي ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئەركىن سودا كېلىشىمى»نىڭ ئاساسىي مەقسىتى رايون سىياستى بەلگىلەش بازىسى قۇرۇپ شەرقىي ئاسىياغا تاقابىل تۇرۇشتۇر. ياپونىيەمۇ پات يېقىندا ئامېرىكا بىلەن شېرىكلىشىش ھەققىدە قوش تەرەپلىك كېلىشىمگە ئىمزا قويىدۇ. ياۋروپا كومىتېتىنىڭ رەئىسى جۇنكېرمۇ ترامپقا يېڭى سودا كېلىشىمگە ئىشتىراك قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئىككى يىلدىن بۇيان ئەنە شۇ رەۋىشتە خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ترامپ خىتاينى ئارىلاشتۇرماي تۇرۇپ دۇنيا تەمىنات زەنجىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز ئىقتىسادىي يۈكسىلىش ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق دېيىشكى بولىدۇكى، ترامپ يالغۇز ھالدا كارخانىچىلار ۋە ۋال كوچىسىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن تىركىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن بۇنى قەھرىمانلىق دەپ قارايمەن.

كايل باس: سىزچە بىز ھازىرقىدەك ئىقتىسادىي سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەھۋالدا، خىتاي كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىشى مۇمكىن؟

ستىۋ باننون: ئالدى بىلەن، ئۇلار ئامېرىكا پىرېزىدېنتىنىڭ ئالمىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. خىتايلار ئاۋام پالاتاسى سايلىمىدا دېموكراتىك پارتىيەنى غەلىبە قىلغۇزۇشقا %80 ئىمكانىمىز بار دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار پىسخىكا ئۇرۇشى ۋە پۇل دېگەندەك ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىكى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سايلامغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، ترامپ بىلەن قەتئىي قارشىلىشىدۇ.ئۇلار ئاۋۋال دېموكراتىك پارتىيەنى سايلامدا غەلىبە قىلغۇزۇپ، ئاندىن (ئاۋام پالاتاسى ئارقىلىق) ترامپنى سوتقا تارتقۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ. يەنى خىتاينىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشى ترامپنىڭ يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بولۇشىنى توسۇپ قېلىش. چۈنكى، خىتاينىڭ نەزىرىدە، ترامپ نۆۋەتتىكى پۈتۈن «مالىمانچىلىق»نىڭ باش «جاۋابكارى». ئۇلار چوقۇم (ترامپقا ئوخشاش نۆۋەتتىكى يەرشارى سودا تۈزۈلمىسىگە قارشى تۇرۇپ، <ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن مۇھىم> دەپ جار

سالىدىغان بىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى) نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق سودا تۈزۈلمىسىنى قوللايدىغان بىرىنىڭ ئامېرىكىغا پىرېزىدېنت بولۇشى ئۈچۈن جان – جەھلى بىلەن كۈچەيدۇ.

كايل باس: دېمەك، ئۇلار ترامپنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى توشۇشىنى كۈتۈۋاتىدۇ؟

ستىۋ باننون: يالغۇز بۇلا ئەمەس. خىتاي (كۈتۈش بىلەنلا قالماي) ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتتى. تۈنۈگۈن (2018 – يىلى 10 – ئاينىڭ 4 – كۈنى) (ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى) پەنس، ئاكسيوس ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بۇ ھەقتىكى مەخپىي خەۋەرنى يەتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ خىتاينىڭ ئامېرىكا سايلىمىغا رەسمىي قول تىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالدىنقى قېتىمقى سايلامدا رۇسلارنىڭ قىلغىنىدەك ئۇششاق – چۈششەك ئىشلاردىن ئەمەس. يەنى، خىتايلار بىرىنچى قەدەمدە پۈتۈن دىققىتىنى ئالدىمىزدىكى ئامېرىكا سايلىمىغا قارىتىۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خىتاي «بىر بەلباغ بىر يول» ۋە «خىتاي ياسىمىچىلىقى 2025» پىلانلىرىنى داۋاملىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز يېقىندا خىتاينىڭ سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدا، ئافرىقىدا، كارىب دېڭىزىدا، ۋېنسۇئېلادا، لاتىن ئامېرىكىسىدا ھازىرقىدىن ئىككى – ئۈچ ھەسسە كۆپ مەبلەغ سالغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى، ئۇلاردا قولدىن چىقىرىۋېتىلىشى كېرەك بولغان خىتاي پۇلى بەكلا كۆپ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي پۇلىنى ئېلىشنى خالايدىغانلار بولۇشى كېرەك.

كايل باس: ھېچكىم (خەلقئارالىق سودىدا دوللارنىڭ ئورنىغا) خىتاي پۇلى ئېلىشنى خالىمايدۇ.

ستىۋ باننون: شۇنداق، ھازىر پارس قولتۇقىدا، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە، سەئۇدىي ئەرەبىستاندا، قاتاردا، ئارگېنتىنادىن سەھرايى كەبىرگىچە دۇنيادىكى بايلىق مەنبەسى بار يەرنىڭ ھەممىسىدە خىتايلار بار. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇلار چوقۇم (قولىدىكى كۆپۈك خىتاي پۇللىرىنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن) ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، خىتايلار ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان، خىتاي دۆلەتلىك ھەربىي ئىشلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چياۋ شياڭ ۋە ۋاڭ شياڭسۇي ئىسىملىك ئىككى پولكوۋنىكى يازغان، «超限战» «چەك ھالقىغان ئۇرۇش» دەپ بىر كىتاب بار بۇ كىتابنىڭ ئېنگلىزچىسى 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا نەشىر قىلىنغان. بۇ كىتابنى ھەممەيلەن ئوقۇپ بېقىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ كىتابتا خىتاينىڭ كەلگۈسى ئىستراتېگىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ كىتابتا كەلگۈسىدە خىتاي يۈزلىنىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئۈچ ئۇرۇشى، ئىقتىسادىي ئۇرۇش ۋە قورال – ياراغ ئۇرۇشى (ئەنئەنىۋى ئۇرۇش) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدىغانلىقى، ئامېرىكا قورال – ياراغ ئۇرۇشى (ئەنئەنىۋى ئۇرۇش)غا ماھىر بولغاچقا، خىتاينىڭ

بىۋاستە ھەربىي توقۇنۇشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنداقتا، بىز ئۇچۇر ئۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئۇرۇش ھەققىدە توختىلايلى. خىتاي نۆۋەتتە مۇشۇ ئىككى خىل ئۇرۇشنى قىلىۋاتىدۇ. سىز مەن دېگەن ئاشۇ كىتابنى ئوقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ. خىتاي بۇ كىتابتا قىلمىز ياكى قىلغۇمىز بار دېگەن نۇرغۇن ئىشنى قىلىپ بولدى. مەن نۆۋەتتە ترامپ ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن كۈچىنى خىتايغا قارشى ئىقتىسادىي ئۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈۋاتىدۇ دەپ قارايمەن ھەم بۇ قارىشىمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىمەن. خىتايلار بۇ ئۇرۇشتا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ ۋە غايەت زور بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

*　　　　*　　　　*

مەن 22 ياشلىق دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى ۋاقتىمدا، ئامېرىكا قوغلىغۇچى پاراخوتلىرى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىن ئۆتكەندە، مەن (ھەيرانلىقىمدا) «مەن قەيەرگە كېلىپ قالدىم؟» دېگەندىم. چۈنكى، پۈتۈن دۇنيادىكى نېفىت پاراخوتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارس قولتۇقىدىن كېلىپ مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ مۇشۇ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىغا كىرەتتى.

كايل باس: بۇ ھەم خىتاي ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنىڭ 40% ىنى يۆتكەشتە چوقۇم ئۆتىدىغان لىنىيە.

ستىۋ باننون: مەنچە 5 تىرىلىيونلۇق دۇنيا سودىسىنىڭ ئۈچتىن بىرى مۇشۇ لىنىيە ئارقىلىق تاماملىنىدۇ.

كايل باس: شۇنداق.

ستىۋ باننون: دېمەك بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىر دېڭىز قاتنىشى لىنىيەسى. كىشىلەر جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى «دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك سودا يولى» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە بىر يىل 365 كۈن، ھەركۈن 24 سائەت چوڭ سودا پاراخوتلىرى قاتناپلا تۇرىدۇ.مۇشۇنچىۋالا مۇھىم بىر يەر ھەققىدە خىتاي نېمە ئىش قىلدى؟ 2015 – يىلى ئۇلار ئاقسارايدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ۋە خەلقىنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتتى. (يەنى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ھەرقانداق ھەربىي ھەرىكەتتە بولمايمىز دېدى). ئەمەلىيەتتە بولسا، خىتايلار يۆتكەلمەس ئاۋىئاماتكىدىن يەتتە - سەككىزنى ياساپ، بۇنى سۈنئىي ئارال دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى بۇ مارجان خادا تاشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋىئاماتكىدۇر. بۇ «ئارال»لاردا ئوت كۈچى كونترول قىلغۇچى رادار، ئىزدەش رادارى، كۈرەشچى ئايروپىلان قاتارلىقلار بار.

كايل باس: يەنە تېخى 10 مىڭ فۇت (تەخمىنەن 3 كىلومېتىر) لۇق ئۇچۇش يولى بار دەڭە. ئوباما ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بولغان مەزگىللەردە خىتاي جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئاراللارنى ھەربىيلەشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئۇ يەردە ياسىغان «ئارال» لىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت تەتقىقات ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىزگە ئوچۇق ئېيتقانىدى. (ئەمما كېيىنكى ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى) مۇشۇ خىل ئەھۋالدا، بىز خىتايغا قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك؟ ھازىر بىز بۇ ئاراللارنىڭ ھەممىسىدە 10 مىڭ فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇچۇش يوللىرى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا باتارىيەسى ۋە باشقا پۈتۈن نەرسىلەر (كېرەكلىك ھەربىي ئەسلىھەلەر) بارلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. گەرچە خىتاي يۇقىرىقى رېئاللىقنى ئىنكار قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شۇ تاپتا ئۇ يەردە ئاتوم قوراللىرى سەپلەنگەن ئايروپىلانلار بار. مۇشۇ خىل شارائىتتا، بىز ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك؟ ياكى بىز ئۇلار بىلەن بىۋاستە تۇتۇششىمىز كېرەكمۇ؟

ستىۋ باننون: مەن ئاقسارايغا باش ئىستراتېگىيەچى بولۇپ كىرگەن ۋاقتىمدا، مايك فلاين ئىككىمىز ھەممىدىن بۇرۇن دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىغا بارغانىدۇق. مەن ئۇ يەردە «سىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ ئىش بار. (1) ئۇرۇش قوماندانلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. (2) بىز دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرىنى پۈتۈنلەي ئوباماپەرەس ئادەملەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىنى قويۇشىمىز كېرەك. (3) بىز ئوبامانىڭ ئاسىيا ھەققىدىكى مەيدانىغا ئالاقىدار پۈتۈن ماتېرىياللارنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىشىمىز كېرەك» دېگەنىدىم. مەن ئۇلارنىڭ (يەنى ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ) زادى نېمىنى پىلان قىلغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىدىم. ئاقسارايدا خىزمەت قىلىدىغانلارغا مەلۇمكى، مەن بىر ھەپتىدە يەتتە كۈننىڭ ھەممىسىدە، كۈنىگە 18 سائەتتىن 20 سائەتكىچە خىزمەت قىلىمەن. ئەنە شۇ ۋاقتىمنىڭ يېرىمى ئاسىيانى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. مەن ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، بىزنىڭ (ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ) نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە ئىزدەنگەنىدىم. مەن ھەقاچان بۇ ھەقتە بىر ئۆيگە لىق كەلگۈدەك ماتېرىياللار چىقىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما دەل ئەكسىچە، ماتېرىياللار تولىمۇ ئاز بولۇپ چىقتى. مەن (ئوباما دەۋرىدىكى) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن ھەققىي تىركەشمىگەنلىكىنى بايقىدىم. ئامېرىكىدا نۇرغۇن ئىختىساسلىقلار بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خىتاي بىلەن بولىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق ئىقتىسادىي ئۇرۇشقا ئالاقىدار ئۇرۇش پىلانى ياكى ئىقتىساد پىلانى دېگەندەك بىر نەرسىلەرنى تۈزمىگەنىكەن. ئوبامانىڭ پۈتۈن ئاسىيا – تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى پەقەت ئاۋستىرالىيەنىڭ دارۋىن شەھىرىگە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى ئەترىتىدىن بىرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، مېنى چۆچۈتكەن يەنە بىر ئىش شۇكى، مەن ياش ۋاقتىلىرىمدا، دېڭىز ئارمىيەسىدە ئوفىتسېر بولۇپ يۈرگەندە، بىز جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ قالساق، مىلتىق – زەمبىرەكلىرىمىزنى بەتلەپ، رادارلىرىمىزنى ئېچىپ.

قويۇپ ماڭاتتۇق. دېمىسىمۇ ئەركىن سەپەر قىلىش دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىز ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، (جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) خەلقئارا دېڭىزلاردا خالىغىنىمىزنى قىلاتتۇق. بىز دېڭىز قاتنىشىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلاتتۇق. لېكىن، هازىر مەن شۇنى بايقىدىمكى، ئۇ يەردە تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن سۈنئىي ئاراللار پەيدا بولۇپ قالدى، بىزمۇ ئۇ يەردە سەپەر قىلغاندا، رادارلارنى، ئوت كۈچى كونترولىنى ئېتىۋېتىپ، يۇۋاش بالىدەك جىمجىت ئۆتۈشكە مەجبۇرلىنىۋاتىمىز. ئاساسىي جەھەتتىن، ئۇلار (خىتايلار)نىڭ رۇخسىتى بولغاندىلا ئاندىن ئۆتەلەۋاتىمىز.كايل باس: بۇ ئىشنى مەن پەقەت ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

ستىۋ باننون: گەرچە خىتاي خەلقئارا سوتتا ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دېڭىزى دەپ هېسابلايدۇ. خىتاي «خىتاينىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك هوقۇقىدىن شەكلىنىشكە بولمايدۇ» دەيدۇ. خىتاينىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئۆزلىرى سىزىۋالغان جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ توققۇز ئۈزۈك سىزىقلىق چېگرا سىزىقى قانچە كۆپ ماتېرىيالدا نەقىل قىلىنسا، قانچە كۆپ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا كۆرسىتىلسە، بۇنى تەكرارلايدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، بۇنىڭغا (يەنى جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ هەقىقەتەن خىتاينىڭ تېررىتورىيەسى ئىكەنلىكىگە) ئىشىنىدىغانلار شۇنچە كۆپ بولىدۇ. مەن ئىلگىرىمۇ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن دېگەنىدىم. دەرۋەقە، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى بىلەن پارس قولتۇقى دۇنيا توقۇنۇشىغا سەۋەب بولۇشى ئېهتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى ئىككى رايوندۇر. چاۋشيەن مەسىلىسى بۇلارنىڭ ئالدىدا هېچنەرسە ئەمەس، چاۋشيەن پەقەت خىتاينىڭ قورچاق دۆلىتى، خالاس.گەرچە، پرېزىدېنت ترامپ چاۋشيەن مەسىلىسىدە ياخشى قەدەملەرنى ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سۈركىلىشنىڭ پارتلاش نۇقتىسى يەنىلا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدۇر. هېلىقى كۈنى ئاخشىمى يۈز بەرگەن ئىشتىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار. ئۇ كۈنى دېكەيتېر نامىلىق قوغلىغۇچى پاراخوت جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا چارلاش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارشىسىغا خىتاينىڭ بىر قوغلىغۇچى پاراخوتى چىقىپ كەلدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئىككى پاراخوت بىر – بىرىگە ئۇرۇلغان بولسا...

كايل باس: قانداق ئىش يۈز بەرگەن بولاتتى؟

ستىۋ باننون: ئالدى بىلەن پاراخوتتىكى ئىككى – ئۈچ يۈز خادىم شەكسىز ئۆلگەن بولاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر ئۇ ئىككى پاراخوت ئاشۇ سۈرئەتتە بىر – بىرىگە ئۇرۇلسا، پاراخوتتىكى قوراللارغا، يېقىلغۇلارغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، خىتاينىڭ شۇ كۈندىكى قىلىقىنى تەلۋىلىك دېمەي بولمايدۇ. ئۇلار بىزگە ئوچۇقتىن ئوچۇق خىرس قىلدى. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، بولى دېكەيتېر نامىلىق قوغلىغۇچى پاراخوت خىتاي ياسىۋالغان سۈنئىي ئارالغا 12 ئېنگلىز مىلچە يېقىنلاشقان. ئەمما، خىتاي هازىر سۈنئىي ئارالنىڭ ئەتراپىدىكى 15 ئېنگلىز مىلى دائىرىنىڭ هەممىسىنى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسى دەپ دەۋا قىلىۋاتىدۇ ۋە بىزنى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە ۋە ئىگىلىك هوقۇقىغا دەخلى – تەرۇز قىلدى دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ هېلىمۇ خىتايغا يەتكۈچە كەڭچىلىك قىلدى. مەنچە بولغاندا، ترامپ خىتايغا 72 سائەت ۋاقىت ئىچىدە سۈنئىي ئاراللاردىكى پۈتۈن رادارلارنى، هۇجۇم خاراكتېرلىك هەربىي ئەسلىهەلەرنى، كۆرەشچى ئايروپىلانلارنى، ئۇچۇش يوللىرى ۋەهاكازالارنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇ تەلەپ ئورۇندالمىسا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى 72 سائەتتىن كېيىنكى تۇنجى مىنۇتتا خىتايغا «ياردەملىشىپ» قالغان ئەسلىهەلەرنى يوقىتىشىپ بېرىشى كېرەك. ئاندىن ئۇ يەر خەلقئارا دېڭىزغا ئايلىنىشى لازىم. قېنى شۇ چاغدا خىتاي ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنى مويىغا تېگىپ باقسۇن...

كايل باس: توختاپ تۇرۇڭ، سىز روبىرو ئۇرۇش قىلىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز...

ستىۋ باننون: مەن ئۇرۇش قىلىش كېرەك دېمىدىم
كايل باس: ئەگەر بىز خىتاينىڭ ئارالدىكى ئەسلىهەلىرىنى بۇزۇۋەتسەك، ئۇلار قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ.
ستىۋ باننون: ئەمما، خەلقئارا سوتنىڭ هۆكمى بويىچە خىتاينىڭ ئۇ يەردە تۇرۇش (ئارال ياساش ۋەهاكازا) هوقۇقى يوق. شۇنداق بولغانىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن خەلقئارا سوتنىڭ هۆكمىنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلمايمىز؟ خەلقئارا سوت خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، دېدى. ئەمما، خىتاي «بۇ دېگەن مېنىڭ تېررىتورىيەم» دەۋاتىدۇ. شۇ نەرسە ماڭا ئايدىڭكى، مېنىڭ (يۇقىرىدىكى خىتايغا 72 سائەت ۋاقىت بېرىش، ئۇنىمىسا قورال كۈچى ئىشلىتىش) تەشەببۇسۇم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. «بۇرادەر! ئالجىپ قالمىغانسەن؟ بىز جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپلا، ئۇرۇشنى باشلىۋېتەمدۇ؟» دەيدىغانلار چىقىشى ئېنىق.

كىشىلەر چوقۇم خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. سودا ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى. ئەمما، بىز بىلەن خىتاينىڭ ئارىسىدىكى سودا چوقۇم ترامپ ئەڭ دەسلەپتە ئېيتقاندەك ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان تىجارەت بولۇشى كېرەك. شۇڭا، خىتاي شۇنى قەتئىي تونۇپ يېتىشى كېرەككى، ترامپ بۇ ئىشتا (يەنى نۆۋەتتىكى ئامېرىكىغا زىيانلىق ئامېرىكا – خىتاي سودا مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشتە) هەرگىز يول قويمايدۇ.
ئامېرىكانى ئەخمەق قىلغىلى بولىدىغان كۈنلەر ئاياغلاشتى.

تەرجىمىدە : ئەنۋەر قاراقۇرۇم ( بۇ كۆرۈشمە 2018-يىلى 10.ئاينىڭ 5-كۈنى فىلمغا ئېلىنغان)



# ستالىن بىلەن سۇڭ زىۋېن ئارىسىدىكى كۆرۈشۈش خاتىرىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار قىسمى

1945 – يىلى 7 – ئاينىڭ 9 – كۈنى

«ۋىلسون مەركىزى»دىكى 123425 – نومۇرلۇق ئارخىپ

سۇڭ زىۋېن: «شىنجاڭ» مەسىلىسىدە، جانابىڭىز بىزگە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى باستۇرۇپ بېرىشنى خالامدۇ؟
ستالىن: قانداق شەكىلدە؟ ئارمىيە ئەۋەتىپمۇ؟
سۇڭ زىۋېن: ياق. بىز سىزنىڭ (سوۋېت – شەرقىي تۈركىستان) چېگرادىكى قورال – ياراغ ئەتكەسچىلىكىنى توسۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.
ستالىن: بىزنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىش ھوقۇقىمىز يوق.
سۇڭ زىۋېن: خىتاي زېمىنىدا (شەرقىي تۈركىستاننى دېمەكچى، ت) ئەمەس، چېگرادا.
ستالىن: خىتاي (يەرلىك) خەلققە ھوقۇق بېرەمدۇ؟
سۇڭ زىۋېن: شۇنداق، بۇ بىر سىياسىي ھەم ھەربىي مەسىلە. ئىككىلا خىل ھەل قىلىش چارىسى بولمىسا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.
ستالىن: ئەھۋال شۇنچە ئېغىرمۇ؟
سۇڭ زىۋېن: ئىلىنىڭ بىر قىسمىنى توپىلاڭچىلار بېسىۋالدى.
ستالىن: ئويغۇر (ئۇيغۇر)لارمۇ خاۋساك (قازاق)لارمۇ؟
سۇڭ زىۋېن: ئارىلاش. بىز ھەممە ئىرققا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئويلايمىز. بۇ ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى. لېكىن، بىز توپىلاڭچىلار بېسىۋالغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

ستالىن: بۇنداق قىلىش يوللۇق. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل (يەرلىك خەلققە) ھوقۇق بېرىش. بىزدىمۇ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ)نۇرغۇن مىللەتلەر بار. خىتاي بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ. (يەرلىك خەلقنىڭ) ئەڭ ئەقەللى ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنمىسا، ئاۋارىچىلىق تۈگىمەيدۇ.
سۇڭ زىۋېن: قوشۇلىمەن. بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار. بىز يول قويۇشنى خالايمىز. لېكىن، يول قويساقمۇ ئۇلار ئىتائەت قىلغىلى ئۇنىمىسا، ئۇ چاغدا چوقۇم قورال كۈچى ئىشلىتىمىز.
ستالىن: ئۇلار بۆلۈنمەكچىمىكەن؟
سۇڭ زىۋېن: ئۇلار يېڭى جۇمھۇرىيەت قۇرغانلىقىنى جاكارلاپمۇ بولدى.
ستالىن: مەن بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ چىقىمەن. بۇ ھەقتە يەنە پاراڭلاشساق بولىدۇ. بىزنىڭ چېگرامىزدىكى قورال – ياراغ ئەتكەسچىلىكىنى توسۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز. ئەگەر چېگرادا يوچۇقلار مەۋجۇت بولسا، بىز قىلىشقا تېگىشلىكىنى قىلىمىز.
سۇڭ زىۋېن: توپىلاڭچىلار ئۇ يەردە (شەرقىي تۈركىستاندا، ت)



ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان قوراللار بىلەن قوراللانغان.
ستالىن: بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق يەردە قورال سېتىۋالغىلى بولىدۇ.
سۇڭ زىۋېن: لېكىن، شىنجاڭدا ئۇنداق ئەمەس.
ستالىن: نېمىشقا؟
سۇڭ زىۋېن: قاتناش مەسىلىسى سەۋەبلىك.
ستالىن: ھىندىستان ئۇلارغا قورال سېتىپ بەرمەسمۇ؟ ئىككى دۆلەت (خىتاي بىلەن ھىندىستان) ئۇرۇشقان ۋاقىتتا، ئارىسىدىكى بىرىنىڭ ئۆكتىچىلەرگە قورال سېتىپ بېرىشى بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.
سۇڭ زىۋېن: (ئۇ يەردىن) قورال توشۇشمۇ ناھايىتى قىيىن.
ستالىن: (ئۇنداقتا) سىزچە (ئۇلارنىڭ قولىدىكى) قورال بىزنىڭ تېررىتورىيەمىزدىن چىققانىكەن – دە؟
سۇڭ زىۋېن: شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.
ستالىن: بۇ ھەقتە ئايرىم پاراڭلىشايلى. لېكىن، مەنچە بۇ خىل ئېھتىماللىق بەك تۆۋەن.
سۇڭ زىۋېن: مەن سىزنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ئىشنى توسۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز توپىلاڭچىلارنى تىنچ يول بىلەن ئۇتۇشقا تىرىشىمىز.
ستالىن: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بىر تۈركۈم قورال – ياراغ زاۋۇتلىرى گېرمانىيەگە قورال سېتىپ بەرگەن. ئەجەبا، سىلەرنىڭ ئارمىيەڭلارمۇ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) توپىلاڭچىلارغا يوقىرى باھادا قورال سېتىپ بەرمىگەندۇ؟
سۇڭ زىۋېن: جاۋابىمغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ (شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسىنىڭ) قولىدا بىزنىڭ ئارمىيەمىزنىڭكىدىن سەرخىل قوراللار بار.
ستالىن: قارىغاندا سىز بۇ ھەقتە كۆپ ئۇچۇرغا ئىگىدەك قىلىسىز.
سۇڭ زىۋېن: بىزگە ئۆزىمىزدە يوق زەمبىرەك ئوقلىرى ئېتىلدى. مەن سىزنىڭ باشقا قىيىنچىلىقلىرىمىز بىلەن بىرگە مۇشۇ باش قېتىنچىلىقىمىزنىمۇ ھەل قىلىپ بېرىشكە ئىنتىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن...

تەرجىمىدە : ئەنۋەر قاراقۇرۇم

# نازىگۇم

چىمەنگۈل ئاۋۇت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرەسى ،
تونۇلغان ئەدىب چىمەنگۈل ئاۋۇت
1973-يىلى  قەشقەردە تۇغۇلغان.
2018-7-ئايدا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن.



نازىگۇم!
سېنى چاقىرسام
قومۇشلار تىترەپ كەتتى،
يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىمغا تىكەن پاتتى.
سەن يېنىمغا كەلمىدىڭ،
قولۇڭدىكى پىچاقنى قولۇمغا بەردىڭ.
چۇۋۇلغان چاچلىرىمىز،
يىرتىلغان كۆينەكلىرىمىز...
سوغۇق شامالدا يەلپۈندى،
كۆزلىرىمىز يىراقلارغا تەلپۈندى.

- نازىگۇم!
- هە...
ئۆزىمىزچە كۈلۈشۈپ كەتتۇق،
يېشىمىز بىلەن،
توپىلارنى لاي،
قومۇشلارنى نەي ئەتتۇق.
نازىگۇم
قوللىرىڭنى مۇجۇدۇم.
لەۋلىرىمنى قانىغۇدەك چىشلىدىم،
بىر چاغلاردا مەنمۇ،
سەندەك قېچىشنى،
سەندەك كۆيۈشنى،
سەندەك ئۆلۈشنى ئويلايدىغان قىز ئىدىم!
ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى،
پەريادىڭ بىلەن
يۈرەك باغرىم داغلاندى:
«تاغدىن چۈشكەن لاي سۈنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشىغا مۇڭ چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟ »

- نازىگۇم!
قەپەزدە سايرايدۇ مېنىڭ بۇلبۇلۇم،
ئۈنىڭمۇ تاغى بار،
بەلبېغىدا پىچاق،
يۈرىكىدە داغى بار!
مەنلا ئېچىلىدىغان
قىيامەتلىك باغى بار...
مېنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش تووۋلىغىم كېلەر!
ئىچىمدىكى ئوتنى بىر ئۇ بىلەر،
بىر ئاللاھ بىلەر:
«يالغۇز كېيىك تاغدا قالدى،
كۈن چۈشكىدەك يەر بارمۇ؟
بۇ قىسمەتنى ئىگەم سالدى،
ئېپ قاچقۇدەك ئەر بارمۇ»
نازىگۇم!
ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى،
هەسرەتلىرىم هەسرىتىڭگە باغلاندى.

# سودا ئۇرۇشى خىتاي ئىقتىسادىنى ھالسىراتماقتا

چارلىس ۋاللىيس

جۇمە كۈنى (2019 - يىلى 8 – ئاينىڭ 9 – كۈنى) پرېزىدېنت ترامپ خىتاينىڭ ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلغان ماللىرىغا قويغان تاموژنا بېجىنىڭ پۈتۈن خىتاي ئىقتىسادىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىغانلىقىنىڭ يېڭى ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىدا دېيىلىشىچە،2019 - يىلى 7 – ئايدا خىتاي ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى 6.5% تۆۋەنلىگەن. بۇ ترامپ 250 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىكى خىتاي ماللىرىغا قويۇلىدىغان تاموژنا بېجىنى 25% كە ئۆستۈرگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئايدۇر. خىتاينىڭ ئامېرىكىدىن مال ئىمپورت قىلىش مىقدارىمۇ 19.1% تۆۋەنلىدى.

بەلكى، تېخىمۇ كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى شۇكى، مەزكۇر دۆلەتنىڭ (خىتاينىڭ) ئىشلەپچىقارغۇچىلار باھا كۆرسەتكۈچى مىنۇسقا ئايلىنىپ، ئالدىنقى ئايدىكى تەڭپۇڭ سەۋىيەدىن 0.3% تۆۋەنلىگەن. بۇ PPI نىڭ (خىتايدا) ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم مەنپىيگە ئايلىنىشىدۇر.

تەھلىلچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا بىلەن بولغان سودا ئۇرۇشى خىتاي زاۋۇتلىرىنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش سودىگەرلىرىگە ئەرزان باھادا سېتىشقا مەجبۇرلىماقتا.

يەنە بىر ھالقىلىق كۆرسەتكۈچ زاۋۇت ئىگىدارلىرىنىڭ كەيپىياتىنى باھالاشتا قوللىنىلىدىغان «ياسىمىچىلىق ساھەسىدىكى سېتىۋېلىش باشقۇرغۇچىلىرى كۆرسەتكۈچى» (PMI) بولۇپ، بۇ كۆرسەتكۈچ 2019 - يىلى 7 – ئايدا 49.7 بولغان. بۇ سان گەرچە ئالتىنچى ئايدىكىدىن بىرئاز يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ھېلىھەم 50 نىڭ ئاستىدا ئىكەنلىكى (خىتاي) سانائەت تارماقلىرىنىڭ يەنىلا تارىيىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاي دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ جۈمە كۈنى (2019 - يىلى 8 – ئاينىڭ 9 – كۈنى)دىكى دوكلاتىدا، (خىتايدا) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ــ ماشىنا دېگەندەك كاپىتال مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر ئاي ئىچىدە 0.7% تۆۋەنلىگەنلىكى كۆرسىتىلدى.

پرېزىدېنت ترامپ خىتايدىكى ئىقتىسادىي چېكىنىشنىڭ ئامېرىكا بىلەن خىتاي – ئارىسىدا 9 – ئايدا ئېچىلىدىغان يىغىندا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى يېڭى سودا كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلىيالىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لېكىن، خىتايلار ئامېرىكىنى خوڭكوڭدىكى مالىمانچىلىققا قۇتراتقۇلۇق قىلدى دەپ ئەيىبلىدى، شۇنداقلا خىتاي پۇلىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا قارشى پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىگە يول قويدى. بۇ (مەزكۇر ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى) مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىش بىر چەتتە تۇرسۇن، تېخىمۇ يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ترامپ بىر يىل ئاۋۋال تاموژنا بېجى قويغاندىن باشلاپ، ئامېرىكا – خىتاي سودىسى شىددەت بىلەن تۆۋەنلىدى. لېكىن، بېيجىڭ 7 – ئايدىكى دوكلاتىدا ئۆزىنىڭ ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن بولغان سودا مىقدارىنىڭ ئاشقانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ خىل ئېششىنى شۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىنكى، نۆۋەتتە خىتاي شىركەتلىرى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ۋېيتنام ۋە مالايسىيا دېگەندەك باشقا دۆلەت – رايونلارغا يۆتكەپ، مەھسۇلاتلىرىنى بۇ دۆلەتلەردە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئامېرىكىغا يۆتكەۋاتىدۇ.

بۆلتۈر ۋېيتنامنىڭ (ئامېرىكا بىلەن بولغان) سودا ئاكتىپ پەرقى 20 مىليارد دوللارنى بىر قاتلاپ، 40 مىليارد دوللارغا چىققاندى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا ئۇلارنىڭ سودا ئاكتىپ پەرقى 21.5 مىليارد دوللارغا يېتىپ، ترامپ ھۆكۈمىتىنى بارغانسېرى ئەندىكتۈرمەكتە.

ئامېرىكا سودا ۋەكىلى روبېرت لايتھىزېر كېڭەش پالاتاسى مالىيە كومىتېتىغا قىلغان سۆزىدە، ۋاشىڭتوننىڭ ۋېيتنامغا «تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدىغان بۇ خىل سودا پەرقىنى تۈگىتىشكە ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇچۇق بىلدۈرگەنلىكى»نى ئېيتتى.

ئۇ «ۋېيتنام ئامېرىكىدىن مال ئىمپورت قىلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا، تاۋار، مۇلازىمەت، يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئالاقىدار بازارغا كىرىش چەكلىمىلىرىنى ھەل قىلىشى لازىم» دېدى.

ترامپ يېقىندا يەنە ئەگەر ئامېرىكا بىلەن ۋېيتنام ئارىسىدىكى سودا پاسسىپ پەرقى ئەھۋالى ياخشىلانمىسا، ۋېيتنامنىڭ ئېكسپورت ماللىرىدىن تاموژنا بېجى ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى پۇرىتىپ ئۆتتى.

ترامپ «نۇرغۇن شىركەتلەر ۋېيتنامغا يۆتكىلىۋاتىدۇ، لېكىن ۋېيتنام بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىزدىن خىتايدىنمۇ بەكرەك پايدىلىنىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇ يەردە تولىمۇ قىزىقارلىق بىر ۋەزىيەت مەۋجۇت» دېدى.

## ترامپنىڭ ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى لاررىي كۇدلوۋ: خىتاينىڭ ئىقتىسادى گۇمران بولۇۋاتىدۇ

### مايكول شىتىز

CNBC (ئىستېمالچىلار خەۋەرلىرى ۋە سودا قانىلى)نىڭ 2019 – يىلى 8 – ئاينىڭ 6 – كۈنىدىكى خەۋىرى

ئاقساراي ئىقتىساد مەسلىھەتچىسى لاررىي كۇدلوۋ سەيشەنبە كۈنى (2019 - يىلى 8 – ئاينىڭ 6 – كۈنى) CNBC غا، ئامېرىكا ئىقتىسادى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان سودا سۆھبىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە، دېدى.

«خىتاينىڭ ئىقتىسادى گۇمران بولۇۋاتىدۇ. ئۇ 20 يىل ئاۋۋالقى كۈچلۈك دۆلەت ئەمەس» دېدى كۇدلوۋ «SQUAWK ON THE STREET»تا.

ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە: «خىتاي مەبلەغكە ئالاقىدار ھەرقانداق ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھلىل جەدۋەللىرى ياكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر خىتاينىڭ <سجىل تۆۋەنلەش> يۈزلىنىشىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ (ھەردائىم) بىر قانچە نۇقتا يۇقىرىلىتىپ ئېلان قىلىنىدىغان GDP (دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى)سى ئىزچىل تۆۋەنلىمەكتە» دېدى.

خىتاي ئىككىنچى پەسىلدە ئۆز ئىقتىسادىنىڭ 6.2% ئاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ ئۇنىڭ كەمىدە 27 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن GDP ئېشىش نىسبىتىدۇر. خىتاي پاي چېكى بازىرىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چۆكۈۋاتىدۇ. شاڭخەي ئاكسىيەسى ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى بۇلتۇرقى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىدىن 15% تىن كۆپرەك تۆۋەنلىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، (ئامېرىكىدىكى) S&P 500 كۆرسەتكۈچى بۇلتۇرقى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىدىن 5% لا تۆۋەن، شۇنداقلا ئۇ 2019 – يىلى 15% كە يېقىن ئۆرلىدى.

دۈشەنبە كۈنى (2019 - يىلى 8 – ئاينىڭ 5 – كۈنى) سودا ئۇرۇشى يېڭى بىر پەللىگە چىققان بولسىمۇ، كۇدلوۋ CNBC غا «ئامېرىكا سۆھبەتلىشىشنى ۋە كېلىشىم تۈزۈشنى خالايدۇ» دېدى.

كۇدلوۋ: خىتاي سودا كېلىشىمى ئىمزالاشنى رەت قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئامېرىكا ئىقتىسادتىكى ھەرقانداق تۆۋەنلەشكە خىتايدىن بەكرەك بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دېدى.

ئۇ يەنە: «مەنچە خىتاي بىزدىن ناھايىتى كۆپ دەرىجىدە، خېلى ئوبدانلا ھالسىرىۋاتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى تولىمۇ كۈچلۈك، لېكىن خىتايلارنىڭ ئۇنداق ئەمەس» دېدى.

رېيتېر ئاگېنتلىقى: سودا ئۇرۇشىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، 7 – ئايدا خىتاي ئىقتىسادى ناچارلىشىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدىكى ئېشىش 17 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيە چۈشتى.

رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ 2019 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنىدىكى ماقالىسى

ئەۋجىگە چىقىۋاتقان ئامېرىكا سودا ئۇرۇشىدا كارخانا ۋە ئىستېمالچىلارغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر تەدبىر ئېلىنىشى بىلەن، 7 – ئايدا خىتاينىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىدىكى ئېشىش 17 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ، خىتاي ئىقتىسادى مۆلچەردىكىدىنمۇ بەكرەك تۆۋەنلىدى.

خىتاي دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتاينىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بۇلتۇر 7 – ئايدىكىدىن 4.8% تۆۋەنلىدى. بۇ رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ راي سىناش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلگەن ئەڭ تۆۋەن مۆلچەردىكىدىنمۇ تۆۋەن، شۇنداقلا 2002 – يىلى تۆتىنچى ئايدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن ئېشىش نىسبىتىدۇر.

بەشىنچى ئايدا ۋاشىڭتوننىڭ بەزى مەھسۇلاتلاردىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى جىددىي ئۆستۈرگەنلىكى سەۋەبلىك، تەھلىلچىلەر خىتاي سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ 7 – ئايدا 6 – ئايدىكى 6.3% لىك ئېشىش نىسبىتىدىن 5.8% كە تۆۋەنلىشىنى مۆلچەرلىگەنىدى. (ئەمما، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ نىسبەتەن مۆلچەردىكىدىنمۇ تۆۋەن بولدى، ت).

خىتاي سانائەت مىنىستىرلىقى ئالدىنقى ئايدا «خىتاي 2019 – يىلىدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 5.5% تىن 6% كىچە ئاشۇرۇش نىشانىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن <زور تىرىشچانلىق>قا موھتاج» دېدى.

داۋاملاشقىلى بىرەر يىلچە بولغان، ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىقتىسادىنى خەۋپكە دۇچار قىلىدىغان، شۇنداقلا يەرشارىۋى چېكىنىشكە يول ئېچىشى مۇمكىن بولغان ئامېرىكا – خىتاي سودا ئۇرۇشى يېقىنقى بىر قانچە ئايدا باشقىچە ئەۋج ئالدى.

ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپنىڭ 2019 - يىلى 9 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن باشلاپ تېخىمۇ كۆپ خىتاي ماللىرىدىن 10% تاموژنا بېجى ئالىمەن دېيىشى بىلەن ئارىدا قىسقا بىر مۇددەت توختىغان ئۇرۇش يەنە داۋاملاشتى.

خىتاي ئۆزىنىڭ خەلق پۇلى (يۈەن)نىڭ دوللارغا بولغان پېرىۋوت نىسبىتىنى 11 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بېيجىڭنى «پۇلنى تىزگىنلىگۈچى»لەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈۋېتىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

سەيشەنبە كۈنى (2019 - يىلى 8 – ئاينىڭ 13 – كۈنى) دونالد ترامپ خىتاينىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلغان ماللىرى ئارىسىدىكى يانفون ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن ئېلىنىدىغان تاموژنا بېجىنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرىدىغانلىقى ئېيتقاندىن كېيىن ۋەزىيەت بىرئاز يۇمشىدى. ھالبۇكى، ترامپنىڭ بۇنداق قىلىشى پەقەتلا ئامېرىكىنىڭ بايرام كۈنلىرىدىكى تىجارىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما، ئالدىمىزدىكى ئايدا (9 – ئايدا) ۋاشىڭتوننىڭ 300 مىليارد دوللار قىممىتىكى خىتاي ئىمپورت ماللىرى تىزىملىكىدىكى ماللارنىڭ تەڭدىن تولىسىدىن يېڭى تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ.

تەھلىلچىلەر يېقىندىن بۇيان سودا ئۇرۇشىنىڭ بۇ رەۋىشتە ئەۋجگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا ئۇزاققىچە كۈچكە ئىگە بولىدىغان سودا كېلىشىمى ئىمزالىنىش ئېھتىماللىقى بەكلا تۆۋەنلەپ كەتتى، دېدى.

تەرجىمىدە: ھېكمەتيار ئىبراھىم

# ئۇيغۇرلاردا مۇزىكا - سۇجۇپ دەۋرى

شۇڭقار تېكىن



گېرمانىيەلىك تۈركشۇناس گابائىن خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى ھەققىدە توختالغاندا «قەدىمكى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئوپېرا ئۆمەكلىرى، ناخشىچىلىرى ، ئەر -ئايال سازەندىلىرى جۇڭگوغا بېرىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلغان ۋە ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈركلەر ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بار ئىدى.» دەپ يازىدۇ. (1) ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقىنى شەكىللەندۈرگەن كۇسەن مۇزىكىلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىلا ئەمەس بەلكى خىتاي ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ شۆھرەت قازانغان ئىدى.

مىلادى 4-ئەسىرلەردىن باشلاپ كۇسەن مۇزىكىلىرى خىتاي دۆلىتىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگەلەشكە باشلىغان ۋە 4-7-ئەسىرلەردە ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيەگە يەتكەن.

خىتاينىڭ جىن سۇلالىسى تارىخىدا كۆرسىتىلىشىچە، نەي، بۇرغا،دۇمباق قاتارلىق سازلارنى جاڭ چيەن غەربى يۇرتتىن ئېلىپ كېلىپ تۇنۇشتۇرغان. شۇنداقلا خەن ئوردىسىنىڭ مۇزىكىلىرىمۇ قۇمۇل، كۇسەن مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن. «قابۇسنامە» دېيىلىشىچە، جۇ سۇلالىسىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ئاساس قىلغان. (1) «كونا تاڭنامە» دىمۇ كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ تاڭ ئوردا مۇزىكىلىرىدىكى يۇقۇرى ئورنى كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى خىتاي دۆلىتىدە ئوردا ئىچىدىلا ئەمەس خەلق ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان.

خىتايغا تونۇلغان ئۇيغۇر كۇيشۇناسلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ خاتىرىلەنگىنى سۇجۇپ ئاقارى بولۇپ، 6-ئەسىردە كۇسەندە تۇغۇلغان. « سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، سۇجۇپ 557-يىلى سىبىرلار(سىيانپىلار) قۇرغان جۇ سۇلالىسىغا ياتلىق قىلىنغان تۈرك مەلىكىسىنىڭ سەنئەتكارلىرى قاتارىدا چاڭئەنگە كەلگەن . سۇجۇپ چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر كۇيشۇناسلىقىنى خىتايغا تارقاتقان ۋە مۇزىكانتلارنى يېتىشتۇگەن. سۇجۇپنىڭ « 12 رېتىملىق كۈي قانونىيىتى» خىتايدا يۇكسەك ئېتىۋارغا ئېرىشكەن. سۇجۇپنىڭ « 12 رېتىملىق كۈي قانونىيىتى» يالغۇز كۇسەن مۇزىكىلىرىنىڭ نەزىرىيىسى بولۇپلا قالماستىن پۈتكۈل ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ كۈيشۇناسلىق ئۆلچىمى ئىدى. (3)

ياپونىيە تارىخچىسى خاياشى كېنزو ئۆزىنىڭ «سۈي – تاڭ بەزمە نەغمىلىرى تەتقىقاتى»(گومورو تەرجىمە قىلغان) دېگەن 9 باپلىق كىتابىدا، سۇجۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى «جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى تۇغدۇردى، ھەتتا سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونىيە مۇزىكىسىغا زور تەسىر پەيدا قىلغان»، دەپ يازغان(5) غىجەك، بەرباپ(پىپا)(6)، راۋاپ(بەشتار پىپا)، بالامان(بىلى)، غوڭقا(كوڭخۇ)(3) قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرى خىتايغا تارقىلىپ ئۇلارنىڭ مىللى چالغۇلىرىغا ئايلانغان. كۇسەن سازەندىلىرى 20 كىشى بىر ئوركىستىر بولۇپ، ئۇلاردا تىك غوڭقا(ئۆرە غوڭ)، بەرباپ، راباپ، سىڭ(18 تۆشۈكلۈك ھىم نەي)، يالغۇز زەك(نەي)، بىلى(بالىمان)، ناغرا، داپ، جاللا قاتارلىق 15 خىل چالغۇ بولغان.



سۇجۇپ ۋەكىللىك قىلغان « 12 تېمپېرامېنتسىيىلىك كۈي قانۇنىيىتى» قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق پاراستىنىڭ ئاساسي جەۋھىرى ئىدى. بارلىق ئۇيغۇر مۇزىكىلىق ئەسەرلىرى — قەدىمكى مۇقاملار، ئەلنەغمىلەر، نەغمە مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ كۈيشۇناسلىق سىستېمىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان.
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى « ئون ئىككى مۇقام» « ئۇيغۇر مىللىتى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مۇزىكا –سەنئەت شەكىللىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى مەركەزلىشىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى»(7).ئۇ 12 پارچە چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق ئەسەر سۈپىتىدە، ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقىنىڭ تارىخىي راۋاجى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.


مەنبەلەر:
كۈسەن مەدەنىيتى، 2010-يىللىق سانى 19-بەت
قابۇسنامە، 1-جىلد
(3)(6)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام›ھەققىدە» 40-بەت
(4) سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى قەدىمىي ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدىن نەي، بەرباپ، غوڭقا قاتارلىقلار ياپونىيىنىڭ كونا پايتەختى نەيلاڭدىكى مەشھۇر جىڭساڭيۈەن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.
(5) خىتاي خەن سۇلالىسىدىكى لىۋ شى يازغان «ئاتالغۇ شەرھى» دېگەن كىتابتا پىپا ھەققىدە تۇنجى مەلۇمات بېرىلگەن. ۋاھالەنكى تارىلىق ساز نامى ھىندىستاننىڭ گۇپتا سۇلالىسى(320 ــ 495-يىللار) ۋاقتىدا يېزىلغان «ناتيا ساسترا»( Natya sastra) ناملىق كىتابتا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

# ئۇيغۇر تىلنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىكى تەدبىرلەر

شۈكقار تېكىن



ھازىر دۇنيادىكى 7 مىليارد نوپۇس پەقەت 6000 دىن ئارتۇق تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ. دۇنيا نوپۇسىنىڭ 95%ى سۆزلىشىدىغان تىللارنىڭ سانى 100 ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى مۇشۇ تىزىملىكتە 50 نىڭ ئىچىگە كىرىدۇ( ئەڭ ئازدا 20 مىليون ئۇيغۇر بار دېيىلسە) قالغان 5% ئادەم سۆزلىشىدىغان 5900 دىن ئارتۇق تىلنىڭ ئۇچتىن ئىككىسى كېلەر ئەسىرگىچە يوقۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قارالماقتا. ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل تىللارنىڭ بىرى بولۇپ 2000 يىلدىن ئارتۇق يېزىق تارىخى داۋامىدا تەرەققى قىلىپ تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ھازىرقى زاماندىكى تىللارنىڭ ئىچىدە بەزى تىللاردا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ سانى 100 مىليوندىن ئاشسىمۇ، بۇ تىللارنىڭ يا فونىتېكىلىق يا لېكسىكىلىق چەكلىمىلىكلىرى دۇنياۋى تەرەققىياتلاردا ئاجىزلىقىنى نامايەن قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى مەيلى قايسى جەھەتلەردىن بولسۇن بۇنداق ئاجىزلىقلاردىن خالى بولۇپ، تىلنىڭ قولايلىقلىقى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارى جەھەتلەردە ھەرقانداق دۇنياۋى تىللار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدۇ.

بۇ بايانلار پەقەت ھېسسىياتقا تايىنىپ ئېيتىلغان سۆز بولماستىن ئۇيغۇر تىلنى ياخشى بىلىدىغان نۇرغۇن مۇتەخەسسلەرنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر. باشقا تىللارغا ئەسلى ئۇسلۇبى بىلەن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان خىتاي كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن قىزىل راۋاقتىكى چۈش قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا يۈكسەك نەپىسلىكتە تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىتاي تىلىدىن كەم ئەمەس بەلكى ئارتۇقلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. خىتاي تىلىدىمۇ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئاز ئەمەس، پەقەت ئاھاڭ ۋە يېزىق جەھەتتىن پەرق ئەتمەك تەس.

خىتاي تىلىغا قوبۇل قىلىنغان كۇلۇب ( 俱乐部)، رومانتىك ( 浪漫)، تەيفېڭ (台风) دېگەندەك سۆزلەر خىتايچە كۆرۈنسىمۇ ئەمما ياۋرۇپا تىللىرىدىن كىرگەن. خىتاي بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي تىلىنى ئىنگلىزچىنىڭ ئىستىلاسىدىن قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. ئەگەر ئۇيغۇر تىلى خىتاي تىلى ئىگە بولغان بارچە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولسا خىتاي تىلىدىن كۆپ ئۈستۈن بىر تىل بولۇشىدا شەك يوق ئىدى. ئۇيغۇر تىلى بىر ئالاقىلىش قورالىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ روھى ۋە قېنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بىر مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر شەكلى. ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ھېچ مەزمۇن ۋە سۆز يوق.

ئانا تىل شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى:

1. تىل بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائى قۇرۇلمىسى ئۈچۈن بەك مۇھىم بولغان بىر پارچە، چۈنكى بىر مىللەتنىڭ كىشىلىرى ئورتاق تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى شۇ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئىپادە قىلىدۇ. ئەگەر تىل يوقالسا كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۆزلىرىنىڭ مەدىنىيىتىنى تولۇق چۈشىنىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر پارچىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇ ئامىل تىلنى مەدىنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاسان ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان تەرەپكە ئايلاندۇرغان. شۇڭا بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز مەدىنىيىتى ساقلاپ قېلىشتا كۈچلۈك ئاساس بولۇپلا قالماستىن، بىر مەدەنىيەتنىڭ يوقۇلۇشىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقىغا ئايلانغان. بىر مەدىنىيەتنى يوقۇتۇشنى كۆزلىگەنلەر ئەڭ ئاۋال مۇشۇ ئاجىز نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

2. تىل يوقالغاندا شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتنىڭ مەدىنيەت بىلىملىرى ۋە ئۇنى بىلىشتىكى ئاڭ داۋام قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى يەتكۈزىدىغان ئوقۇتۇش، ئۆرپ -ئادەت، ئەنئەنە ۋە باشقا مىراس قالدىغان بىلىملەر ئانا تىلدا كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈلۈشتىن توختايدۇ.

3 . بىر تىل يوقۇلىدىكەن ئىنسانلار ئارىسىدىن بىر تەپەككۇر، ئىلىم دۇنياسىدىن بىر بىلىم مەنبەسى يوقۇلىدۇ. تىلشۇناسلىقتىكى، تارىختىكى، ئانتروپولىگىيەدىكى ، پىسخىلوگىيدىكى بىر ئۆزگىچىلىك ۋە بايلىق يوقالغان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىر قەبىلىنىڭ ياكى كىچىك قەۋمنىڭ تىلى ئەمەس بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بىر بۈيۈك مىللەتنىڭ تىلى.

4. تىللار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ، يۈكسىلىپ كەلدى. بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۇنىڭ پۈتۈن تارىخى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر دېگەن بىر سۆزنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ تارىخىمىزنى ئەڭ قەدىمكى چاغلارغىچە باشلاپ بارىدۇ.

5 .تىل ئېنىقكى بىر مىللەت ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان قورال. مىللەت تىل ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ،مەدەنى، ۋە ئىقتىسادى ھاياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۈيۈشىشى تىلنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

6. بىر تىل پەقەت بىر توپ ئۈچۈن ئىدىيە ئىپادىلەشتىكى، ئۆزارا چۈشۈنۈشتىكى، قىممەت قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇشتىكى ۋاستە بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىجتىمائى كىملىكنى نامايەن قىلىشتىكى ئاساسى بەلگىسى ھېساپلىنىدۇ.

7.ئانىنىڭ تىلى بالا قەلبىگە خۇددى ئانا سۈتى بىلەن سىڭگەندەك ، ئادەمنىڭ بالا چېغىدا ياخشى كۆرگەن ۋە سۆزلىگەن تىلى ئۇنىڭ روھىغا سىڭىدۇ. بىر تىل ئارقىلىق سىڭگەن مېھرى-مۇھاببەت ۋە يېقىنلىق بىر مىللەتنىنىڭ ئادەملىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە. تىل ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئادەملىرى بىر بىرىنى تونۇيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىر قانغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار تىل ئارقىلىق بىر بىرىمىزگە باغلىنىپ تۇرىمىز. بۇ قىممەتلىك ئومۇمى ھېسسيات بىز يوقاتساق قەتئى بولمايدىغان نەرسە.

8. تىل مەدىنيەت تۇققانچىلىقى ھېسسياتىنى تۇتۇپ تۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل

ئەگەر چەتئەلدە نەتىجە قازانغان بىرەيلەننىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ شەخسنىڭ بىز بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان ئادەملىكىنى بىلگىنىمىزدە بۈنىگدىن خوشاللىق ۋە پەخىر ھېس قىلىمىز. ئەگەر ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ياخشى ئوقۇپ چىققان ۋە بۇ تىلدىكى بىلىمى ئارقىلىق ياخشى خىزمەتكە ئېرىشكەنلەر بولغىنىدا ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى پۈتۈن ئادەمنىڭ ئىجتىمائى كىملىكىنى ئىپادىلىشى ئۈچۈنمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

9. بىزنىڭ تىلىمىز بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر. بىزنىڭ تىلىمىز بىزگە بىز بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغانلارغا بولغان كۈچلۈك تەۋەلىك تۇيغۇسى بەرسە، بىز بىلەن ئوخشمايدىغان تىلدا سۆزلىشىدىغانلارغا قارىتا كۈچلۈك پەرق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئەگەر بىرسى تىلىمىزغا ھۇجۇم قىلسا، تىلىمىزنى كەمسىتسە بىز پۈتۈن مىللەت ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندەك ۋە كەمسىتىلگەندەك تۇيغۇدا بولىمىز. بىر تىلنى چەتكە قاققانلىق ئاشۇ تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنى چەكتە قاققانلىق بولىدۇ. تىلىمىزغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بىزگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

10. تىل كىملىكنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ۋە مىللەتنىڭ كىملىكىنى ساقلاشتىكى ئاچقۇچ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردەك چەتكە قېقىلىۋاتقان ۋە كىملىكى تەھدىتكە

ئۇچراۋاتقان بىر مىللەت ئۈچۈن تىل ئۇيغۇرلارنى باشقا كىملىكلەردىن بولۇپمۇ خىتاي دولىتى كىملىكىدىن ئايرىيدىغان ئەڭ زور ئوخشىماسلىقنىڭ بىرىدۇر. تىلىمىز بىزنى خىتايدىن ۋە خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ساقلاپ تۇرىدۇ. تىل بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك بىر تەرەپ. ئەگەر تىل يوقىلىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ مەدىنىيىتىنىڭ ئاساسى قىسمى يوقىلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەدىنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ مىللەت سۆزلىشىدىغان تىلنى ساقلاپ قېلىش كېرەك.

بىز قىلىشقا زۆرۈر بولغان ۋە قىلالايدىغان ئىشلار

1. كىتاپ ۋە نەشرىياتچىلىق

كىتاپ چىقىرىش ۋە تارقىتىش بىر تىلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىدىن بىرى. ھازىر بۇ ساھەدە ئاللاقاچان بىر قىسىم ئىشلار باشلىنىپ بولدى. كىتاپ چىقىرىش ئىشىنى ناھايىتى يۇكسەك بىر سەۋىيەگە كۆتۈرەلىسەك ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزىدىغان پايدىسى بەك زور بولىدۇ. تەدبىرىياي نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇرۇن ۋە كېيىن بېسىلغان كىتاپلارنى قايتا بېسىشى ۋە ئەركىن سىدىق قاتارلىق مۇتەخەسسىلەرنىڭ كىتاپلىرىنى قەغەز ۋە ئېلېكترونلۇق شەكىللەردە بېسىپ تارقىتىشى بۇ جەھەتتىكى بىر ئۈلگە.
ئۇندىن باشقا دەرسلىك تۈزۈش ئىشىنى كەڭ كۆلەملىك ۋە يۇقۇرى سەۋىيەدە جانلاندۇرۇش كېرەك. ۋەتەندە بۇرۇن تۈزۈلگەن نۇرغۇن دەرسلىك كىتاپلارنىڭ ھازىرمۇ پايدىلىنىش قىممىتى بەك يۇقۇرى. ئاشۇ كىتاپلارنى رەتلەش ۋە قايتا نەشر قىلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ۋەتەن سىرتىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن ئېلىپبە دەرسلىكلىرى پەقەت بىر باشلىنىش.

2. لۇغەت تۈزۈش

چوڭ تىپتىكى لۇغەتلەرنى تۈزۈش ۋە قوللانما كىتاپلارنى تۈزۈش ئىشى ئۇيغۇر تىلىدا چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر بىر ئىش. ۋەتەندە نەشر قىلىنغان ۋە ھازىر بولغان ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ زور ھەجىملىك لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىش بەكمۇ زۆرۈر. شۇ ئاساستا ئۇيغۇرچە -ئىنگىلىزچە قوش يۆنىلىشلىك لۇغەتلەرنى يۇقۇرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈش مۇمكىن. بۇ بىر ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاساسى قىسمىنى پىلان بويىچە ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇندىن باشقا تۈرلۈك قوللانما كىتاپلار، مەخسۇس لۇغەتلەر، مەنىداش سۆزلەر ۋە قارمۇ قارشى سۆزلەر لۇغەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن ھۆججۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. باللار ئۈچۈن رەڭ ۋە ھايۋاناتلار لۇغىتى، تىببى پەن لۇغەتلىرى، پەلسەپە لۇغىتى، كومپيۇتېر لۇغىتى قاتارلىقلارنىڭ تۈزۈلىشى ئىنىقكى نۇرغۇن ئىلگىرلەش پەيدا قىلىدۇ. ۋەتەندە ئىلگىرى تۈزۈلگەن لۇغەتلەر گەرچە بەزى چەكلىمىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ يەنىلا يېڭىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن زۆرۈر ماتېرىيال بولالايدۇ.

3. تەرجىمە

كىتاپ ۋە باشقا زۆرۈر ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى. تەرجىمە كىتاپ ۋە يازمىلارنى تەرجىمە قىلىش، كىنو- فىلىم ۋە ئۈن- سىن ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرما لۇغەت ۋە ئاتالغۇلارنى بېكىتىش، كومپيۇتېر ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئاتالغۇ ۋە يۇمشاق دېتاللارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئۆسمۈر باللار ئەڭ قىزىقىدىغان ۋە بۈگۈنكى كۈندە كەڭ تارقالغان بەزى كارتۇنلار ۋە ئويۇنلار ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلسا ئۇنىڭ ئۈنۈمى شۈبھىسىز يۇقۇرى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز بار. ئۇلارنى قوللاش ۋە بۇ ئىشلارنى كېڭەيتىش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم دۇنياسىدىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلار تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن خەلقىمىزگە يېتىپ بارىدۇ. تەرجىمە ئارقىلىق تىلنىڭ ئىجادچانلىق قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر، چۈنكى نۇرغۇن يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئېلىش بىزدىن كۆپ ئىجادچانلىق ۋە تەپەككۇر تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر كومپيۇتېر ئىلمى جەمئىيىتى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ تۆھپىسى بىلەن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرىدىغان بەزى ئەمگەكلەر بارلىققا كەلدى. بۇنى چوقۇم زور كۈچ بىلەن داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. كومپيۇتېر پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى بەك زور.

4. ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش

ئۇيغۇر تىلىنى ئۈنۈملۈك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگىتىش ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىتىش خىتايلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بەلگىلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش تېخى ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە. خارۋارد ۋە ئىندىئانا ئۇنىۋېرستېتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە مەكتەپتىلا ئۇيغۇرچە دەرس تەسىس قىلىنغان. ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تۈزۈش ۋە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىنى ئاسانلاشتۇرۇش نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. بىر مىللەت ئۆز تىلىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش يولى بىلەن تىلنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىغا قىزىقىدىغان ۋە ئۇيغۇرچە ئۆگىنىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيسە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن روزېتتا ستون(Rosetta Stone )غا ئوخشاش ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك.

5. ئۇيغۇرچە توربېكەتلەرنى كۆپەيتىش

ۋەتەندىكى ئۇيغۇرچە توربېكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنى ھاياتىدا زور رول ئۇيناپ كەلگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىئولوگىيە

ئىدى.5.ئېيۇل تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگەلىگەن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران قىلىنغان ئۇيغۇر تورچىلىقى قىسقا مەزگىللىك ئەسلىگە كېلىشتىن كېيىن قايتا ۋەيران قىلىندى. تور دۇنياسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي قامال قىلىنىشى خىتاينىڭ بۇ ۋاستىدىن قانچىلىك قورقىدىغانلىقىنى ۋە توربېكەتلەرنىڭ بىزنىڭ پىكىر ئالاقە ۋە تەشكىللىنىشىمىز ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

**6.** بارلىق ۋاستىلەر بىلەن تىل داۋاسى قىلىش

بارلىق قانۇنى يوللار ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشىنى خەلقارا سەھنىدە تېخىمۇ كۆپ تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش كېرەك. **2000** . يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىكى بەزى ئوتتۇرا مەكتەپلەر جىددى ھالدا كۇتۇپخانىلىرىغا ئۇيغۇرچە كىتاپ توشقۇزۇش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بارغان. سەۋەبى بىرلەشكەن مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىش ھوقۇقۇنى تەكشۈرگىلى بىر گۇرۇپ كەلمەكچى بولغان ئىكەن. گەرچە بۈگۈنكى خىتاي بۇ جەھەتتىن تېخىمۇ يولسىز بولسىمۇ ، يوللۇق ئەرز شىكايەتلەر خەلقارا جەمئىيەتتە خىتايغا يەنىلا بېسىم بولىدۇ ۋە ھەققانى داۋالىرىمىزنى تونۇتۇشتا چوڭ رولى بولىدۇ.

**7.** ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن بىر ئورگان بەرپا قىلىش

ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن خالىس ئەمگەكلەر ۋە بۇ جەھەتتە بەزى تەشكىللىنىشلەر بولغان بولسىمۇ يەنىلا كۈچلۈك بىر ئۇيغۇر تىلى ئورگىنى قۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش پىلانلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھەركەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇيغۇر تىلىغا پىششىق مۇتەخەسسىلەر، ئىجادكارلار ۋە تىل ۋە تەرجىمىدە ياخشى بولغان ئادەملىرىمىزدىن بىر قوشۇن تەشكىللەش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا ۋە تىل مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئىقتىسادى ئۇنۇم يارىتىشقا بولىدۇ.

**8.** ئۇيغۇر تىلىنى ئائىلىلەردە ئومۇملاشتۇرۇش

ئۇيغۇر ئائىلىلەردە “ بالا تالاغا چىقسا شۇ يەردىكى چەتئەل تىلىدا سۆزلەش، ئۆيگە كىرسە ئۇيغۇرچە سۆزلەش”نى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئاتا-ئانا ئۆز تىلىنى ياخشى بىلسە تەبىئىكى بالىلار ئۇنى داۋاملاشتۇرىدۇ. چەتئەللەردە ياشاۋېتىپمۇ ئۆز ئانا تىلىنى نەچچە ئەۋلاتقىچە يوقاتمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۈلگىسى بولغان تۈركلەردە ئەنە شۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋام قىلغان. تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆيدە تۈركچە ، تالادا چەتئەلچە سۆزلىشىش يولىنى بىز قوللانساق ئەلۋەتتە بولىدۇ.

**9.** ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا ئىجتىمائى ئالاقىسىنى كۈچەيتىش

ۋەتەندىكى ئۇيغۇر ھاياتىدا توي- تۆكۈن، مېھماندارچىلىق ئۇيغۇر ئىجتىمائى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ۋە مىللىلىكنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىر تۈزۈلمىگە ئايلانغان. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بىر قىسىم جايلاردا شۇنداق شەكىلدە ئىجتىمائى ھاياتىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. مۇمكىنقەدەر توي - تۆكۈن، يىغىلىش، تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىش ۋە بالىلىرىنى قىزىقتۇرۇش كېرەك. ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش يوللىرىنى بىلەن بالىلارنى ئۇيغۇرچە ئالاقىدە بولۇشقا يېتەكلەش ئۈنۈملۈك يولدۇر.

**10.**قېرىنداش تىللار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە تىل قوغداش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركلەر ۋە ئۆزبەكلەر بىلەن بەزى پائالىيەتلەرنى بىللە ئۆتكۈزىدىغان ھالەتنى كېڭەيتىش ۋە بۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئالاقىدە ئۇيغۇر تىلىنى ۋە تۈرك تىلىنى( ئۇيغۇرچىلاشقان تۈركچىنى) ئىشلىتىشنى داۋام قىلىشمۇ تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىلىمىزنى ئەستە ساقلىشىدا مەلۇم رول ئوينايدۇ. تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مەدەنى ۋە تۇققاندارچىلىق ئالاقىنى كۈچەيتىش مۇھىمدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن خەتەر ئاستىدىكى تىللار ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ۋە خەتەر ئاستىدىكى تىللارنى قوغداش ئۈچۈن ئاۋاز قوشۇشمۇ باشقىلارنىڭ بىزنى قوللىشىغا يول ئاچىدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ شاھنامەسى ئارقىلىق ئىرانىي ۋە پارس تىلىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، تەپەككۇرى، ۋە ئىستىقبالى بىلەن باغلىغان ئۇيغۇرلاردىن ساناقلىق ئادەم ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىشتا زور رول ئوينىشى مۇمكىن. ئىسپانىيەنىڭ سانتىياگو دې كومپوستەلا ئۇنىۋېرستېتىدىكى تىلشۇناس ۋە ئانالىزچى خوزېي مىرا ( **Jose Mira** )نىڭ قارىشىچە، ئىككى خىل تىلنىڭ بىر خەلق ئىچىدە تەڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتى بار. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شۇ خەلقنىڭ تىلىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشى ئاز بىر قىسىم ئادەملەرگە يەنى مىللەتنىڭ ئىچىدىكى تىلنىڭ باشلامچىلىرىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. يەنى پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇش بولماسلىقى مىللەت ئىچىدىكى بىر قانچە شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىچىدە “مەنلا بولسام ئۇيغۇر تىلى ئۆلمەيدۇ” دەيدىغان قاراشتىكى بىلىملىكلەر ۋە تەپەككۇر ئىگىلىرى قانچە كۆپ بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

مەنبە: يازغۇچىنىڭ 2017-يىلى ئېلان قىلغان « ئۇيغۇر تىلىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالىشىمىز مۇمكىن» ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى

توماس جېففېرسون، بېنجامىن فرانكلىن، جون ئادامس
روجېر شېرمان، روبېرت لىۋىڭستون

**1776-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى قۇرۇلتاي**

ئون ئۈچ ئامېرىكا قوشما شتاتىنىڭ نامسىز باياناتى

ئىنسانىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ يەنە بىر مىللەت بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچىسى بەرگەن مۇستەقىل ۋە باراۋەر هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى زۆرۈر بولغاندا، خەلقنىڭ پىكرىگە قىلىنغان ھۆرمەت سۈپىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ياشاش غايىسىنى دۇنياغا جاكارلىشى كېرەك.

بىز تۆۋەندىكىدەك قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتلەرگە ئىشىنىمىزكى، ھەممە ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر يارىتىلغاندۇر، ھەممە ئادەمگە ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن ھېچكىم دەخلى-تەرۇز قىلالمايدىغان ھايات كەچۈرۈش، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەش قاتارلىق ھوقۇقلارنى بېرىلگەن. بۇ ھوقۇقلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىقى خەلقنىڭ رازىلىقى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇشى كېرەك.

ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت بۇ مەقسەتلەرنى زىيانغا ئۇچرىتقان ھامان كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ياكى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بەخت-سائادىتىنى بەكرەك كاپالەتكە ئىگە قىلىشى مۇمكىن بولغان يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋە بۇ پىرىنسىپلارنى شۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش، بارلىق ھوقۇقنى ئاشۇ شەكىلدە تەشكىللەش ھەققى بار.

ئەستايىدىللىق شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، قۇرۇلغىلى ئۇزۇن بولغان ھۆكۈمەتلەر تايىنىسىز، ئۆتكۈنچى مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆزگەرتىلمەسلىكى كېرەك، (ئۆتمۈشتىكى) بارلىق تەجرىبىلەردىن ئايانكى، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزى ئادەتلىنىپ كەلگەن تۈزۈملەرنى بىكار قىلىشتىن كۆرە چىداش مۇمكىن بولغان بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتكە چىداشقا مايىل. بىراق ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلغان ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئادالەتسىزلىكلەر ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى ھاكىممۇتلەق مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا باشقۇرۇش پىلانىنى ئىسپاتلىغاندا، خەلقنىڭ ئۇنداق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يېڭى كاپالەت بەرپا قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار.

مانا مۇستەملىكە رايونلار دەل مۇشۇنداق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدى. دەل مۇشۇنداق سەۋەب ئۇلارنى ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت سىستېمىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. بۈگۈنكى بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھىنىڭ تارىخى تەكرار-تەكرار ئازاب-ئوقۇبەتكە سەۋەب بولۇش ۋە زۇلۇم-سىتەم يۈرگۈزۈش تارىخى بولۇپ كەلدىكى، ئۇ ئاشۇ شتاتلاردا مۇتلەق مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇشنى بىۋاستە مەقسەت قىلغان. سۆزىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بىز دۇنياغا تۆۋەندىكىلەرنى جاكارلايمىز:

ئۇ خەلقنىڭ بىر پۈتۈن ۋە ئەڭ زۆرۈر بولغان مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق قانۇن-تۈزۈملەرنى تەستىقلاشنى رەت قىلدى.
ئۇ ۋالىيلارنىڭ ئىنتايىن جىددىي ۋە مۇھىم بولغان قانۇن-پەرمانلارنى تەستىقلىشىنى چەكلىدى، ئۆزىنىڭ تەستىقىنى ئالمىغۇچە ئىجرا قىلدۇرماي تاشلاپ قويدى. تاشلانغاندىن كېيىنكى پەرمانلارغا بولسا ئۇ پۈتۈنلەي پەرۋا قىلمىدى.
ئۇ كەڭرى كەتكەن رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىغا پايدىلىق قولايلىق بولغان باشقا قانۇنلارنى تەستىقلىمىدى، ئاخىرى كىشىلەر قانۇن تۈزۈش ئورگىنىدىكى ۋەكىللىك ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى، بۇ ھوقۇق (ئەمەلىيەتتە) ئاشۇ خەلقكە نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز زور ھوقۇق بولسا، ئەمما ئاشۇ مۇستەبىتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ھوقۇق ئىدى.
ئۇ ھەرقايسى شتاتلارنىڭ قانۇن تۈزۈش ھەيئەتلىرىنى ئىنتايىن غەلىتە، قولايسىز ھەم شتاتلىق ئارخىپ ئامبىرىدىن يىراق جايلارغا چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. بىردىنبىر مەقسىتى ئۇلارنى ھارغۇزۇپ - بەزدۇرۇپ، ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاش ئىدى.

ئۇ ھەرقايسى شتات پالاتالىرىنى قايتا-قايتا تارقىتىۋەتتى، چۈنكى بۇ پالاتالار ئۇنىڭ (پادىشاھنىڭ) كىشىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە تاجاۋۇز قىلىشىغا قورقماستىن قارشى تۇرغان ئىدى.

ئۇ پالاتانى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەتكىچە يېڭى پالاتا سايلاپ چىقىشقا قارشى تۇردى، ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى – ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى، ھەرقايسى شتاتلار ھېلىھەم سىرتقى تاجاۋۇزچىلىقتىن ئەمىن تاپمىدى، ئىچكى جەھەتتە مۇقىم بولماي كەلدى.

ئۇ ھەرقايسى شتاتلارنىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇندى، چەتئەللىكلەرنى يەرلەشتۈرۈش قانۇنىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

يېڭى يەر تەقسىم قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى مۈرەككەپلەشتۈرۈپ، چەتئەللىكلەرنىڭ ھەرقايسى شتاتلارغا كۆچمەن بولۇپ كېلىشىگە ئىلھام بولىدىغان قانۇن-پەرمانلارنى ماقۇللاشنى رەت قىلدى.

ئۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىندۇرۇپ ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

ئۇ سوتچىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى، مائاش سوممىسى ۋە ئىش ھەققىنى پۈتۈنلەي شەخسى ئىرادىسىگە بويسۇندۇردى.

ئۇ نۇرغۇن يېڭى ئىدارە-ئورگانلارنى تەسىس قىلىپ، كۆپلىگەن ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتى، خەلقىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قۇرۇتۇپ تۈگەتتى. ئۇ تىنچلىق دەۋرىدە بىزنىڭ قانۇنچىلىق ئورگانلىرىمىزنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئارمىيىمىزدا ئۇزۇن مۇددەت قوشۇن تۇرغۇزدى. ئۇ ئارمىيىنى خەلقتىن پۈتۈنلەي ئايرىۋەتتى، ئارمىيىنى خەلقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى. ئۇ باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇلمىمىزغا ماس كەلمەيدىغان، ئاساسىي قانۇنىمىز ئېتىراپ قىلمايدىغان جىنايەت دائىرىسىگە ئىتتىرىپ ئاپاردى، ئۇ بۇ مەقسەتلەرگە ساختا قانۇنچىلىق ئورگانلىرىغا ئىجازەت بېرىش ئارقىلىق يەتتى.

ئۇ ئارمىيىمىزدا زور تۈركۈمدە قوشۇن تۇرغۇزدى (ئەسكەرلەر) ھەرقايسى شتات ئاھالىسىنى خالىغانچە قىرغىن قىلسىمۇ، جازا بەرمەستىن يالغاندىن سوراقتا تارتقان بولدى.

بىزنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان سودىمىزنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

بىزنىڭ رازىلىقىمىز بولماي تۇرۇپ، بىزدىن مەجبۇرىي باج ئالدى.

نۇرغۇن دېلولاردا بىزنىڭ زاسېداتىللىق تۈزۈمدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىمىزنى تارتىۋالدى.

يالغاندىن جىنايەت ئارتىپ باشقا يەرلەرگە ئاپىرىپ سوراققا تارتتى.

بىر قوشنا ئۆلكىدە ئەنگلىيىنىڭ ئەركىن قانۇن سىستېمىسىنى بىكار قىلىپ، بىر ھاكىممۇتلەق مۇستەبىت ھۆكۈمەت قۇردى.

ئۇنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىپ، خالىغاندا ئۇنى باشقا مۇستەملىكە شتاتلارغا ئوخشاش مۇستەبىت تۈزۈمنى يۈرگۈزۈشتىكى ئۈلگە قىلىدىغان تەييار ۋاستە قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىزنى بىكار قىلدى، بىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك قانۇنىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەرقايسى شتاتلارنىڭ ھۆكۈمەت شەكلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى.

بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنىمىزنىڭ ھوقۇق ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقتىن ئىبارەت دەسمايىسى ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشتا بىزگە قانۇن تۈزۈپ بېرىش ھوقۇقىمىز بار دەپ جاكارلىدى.

ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ قوغداش دائىرىسىدە ئەمەس دەپ جاكارلىدى ۋە بۇ يەردىكى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، بىزگە قارشى جەڭ ئاچتى.

ئۇ بىزنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىمىزدە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ، دېڭىز بويى رايونلىرىمىزنى خالىغانچە ۋەيران قىلدى، شەھەرلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، خەلقىمىزنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلدى.

ئۇ دەل مۇشۇ چاغدا زور مىقداردىكى چەت ئەل ياللانما ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزۈپ ئۆلتۈرۈش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، خورلاش قاتارلىق ۋەزىپىسنى ئورۇنلاۋاتىدۇ. بۇ ۋەزىپە خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، زوراۋانلىقتا شۇنچىلىك ۋەھشىيكى، ئەڭ ياۋايى دەۋرلەردىمۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى تېپىلمايدۇ. ئۇ بىر مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ باشلىقى بولۇشقا قەتئىي مۇناسىپ ئەمەس.

ئۇ خەلقئارا دېڭىزدا بىزنىڭ ۋەتەنداشلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىگە قارشى قورال تەڭلەشكە، ئۆز تۇغقان-قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇشقا، ياكى تۇغقان-قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ قولىدا ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى.

ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىچكى بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ئۇرۇشتا ياش، جىنس ۋە شارائىت تاللىماي بىردەك ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان، ھەممىيلەنگە تونۇشلۇق، شەپقەتسىز، ياۋايى ئىندىئانلارنى چېگرا رايونلاردىكى خەلقىمىزنىڭ ئۈستىگە باشلاپ ئەكەلدى.

مانا مۇشۇ زورلۇق-زومبۇلۇقلارنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا، بىز ئەڭ كەمتەر سۆز-تەكلىپ بىلەن ئەھۋالنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدۇق. بىراق قايتا-قايتا تەلەپ –پىكىر ئارقىلىق ئېرىشكىنىمىز تەكرار –تەكرار زىيان تارتىش بولدى. مۇستەبىتلىكنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئەركىن خەلقكە رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتى يوق.

بىز ئەنگلىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق، بىز دائىم ئۇلارغا ئاشۇ قانۇن چىقارغۇچى ئاپپاراتلارنىڭ بېشىمىزغا سېلىۋاتقان ئورۇنسىز جاپاسىنى ئەسكەرتىپ تۇردۇق، بىزنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىش ۋە يەرلىشىش



ئەھۋالىمىز ھەققىدە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇق.

بىز ئۇلارنىڭ تۇغما ھەققانىيەت ۋە ياخشىلىق تۇيغۇسىغا ئىلتىجا قىلدۇق، بىز ئۇلار بىلەن ئوخشاش خەلق، ئوخشاش ئېتىقادتىن بولغانلىقىمىزنىڭ يۈزىسىدىن، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە بېرىش – كېلىشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇ بۇلاڭچىلىق قىلمىشلىرىنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدۇق، بىراق ئۇلارمۇ بۇ ئادالەت ۋە يىلتىزداشلىق ئىلتىجاسىغا پەرۋا قىلمىدى.
شۇڭا بىز بۇ يەردە خۇددى دۇنيادىكى باشقا ئەللەرگە ئوخشاش شۇنداق جاكارلاشقا مەجبۇر بولدۇق: بىز بىلەن ئۇرۇشقانلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، بىز بىلەن تىنچ ئۆتكەنلەر بىزنىڭ دوستىمىزدۇر.
شۇڭا بىز ــ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئومۇمى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ھەرقايسى مۇستەملىكە رايونلاردىكى ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ نامى ۋە ئىجازىتى بىلەن بۇ يەرگە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالىي ھۆكۈمىگە بىزنىڭ قەتئىي ئىرادىمىزنى جاكارلاش ئۈچۈن توپلاندۇق: بىز شۇنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايمىزكى، بۇ قوشما مۇستەملىكە رايونلار ھازىردىن باشلاپ ئەركىن ۋە مۇستەقىل دۆلەتتۇر، ھەم ئۇلارنىڭ ئەركىن ھەم مۇستەقىل دۆلەت بولۇش ھوقۇقى باردۇركى، ئۇلار ھازىردىن باشلاپ ئەنگلىيە پادىشاھلىقىغا سادىق بولۇش مەجبۇرىيىتىنى بىكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۈيۈك برىتانىيە دۆلىتى بىلەن بولغان بارلىق سىياسي مۇناسىۋىتى مۇشۇنىڭ بىلەن تەلتۆكۈس ئۈزۈلىدۇ، بۇ مۇناسىۋەتلەر تەلتۆكۈس ئۈزۈلۈشى كېرەك، بىر مۇستەقىل دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش ئېلان قىلىش، تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش، ئىتتىپاق تۈزۈش، سودا قىلىش قاتارلىق بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش ھوقۇقى بار.
بۇ خىتابنامىنى قوللاش يۈزىسىدىن تەڭرىنىڭ مۇقەددەس ھىمايىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ ھاياتى، بىر-بىرىمىزنىڭ مال-مۈلكى ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئىززەت-ھۆرمىتى بىلەن شۇنداق قەسەم قىلىمىز.

* خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىمزا قويغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىرى قىسقارتىۋېتىلدى.

مەنبە: تاھىر ئىمىن ئۇيغۇرئانىنىڭ 2008- يىلى ئۇيغۇر ئۇرخۇن تورىدا ئېلان قىلغان "ئامېرىكىنى چۈشۈنىش" دېگەن يۈرۈشلۈك تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن تەييارلاندى.

# كىتاب ئوقۇش ھەققىدە گۈزەل بايانلار

بىر كۇلتۇرنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشىڭگە ھاجەت يوق، پەقەت كىشىلەرنى كىتاب ئوقۇشنى تاشلىغۇزساڭلا بولدى. ــ رېي برەدبىري
**“You don’t have to burn books to destroy a culture. Just get people to stop reading them.” – Ray Bradbury**

سۆزلەشتىن بۇرۇن ئويلان. ئويلىنىشتىن ئاۋۋال كىتاب ئوقۇ. ــ فرەن لېبوۋىتز
**“Think before you speak. Read before you think.” – Fran ebowitz**

بارلىق ياخشى كىتابلارنى ئوقۇش ئۆتمۈشتىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەنگە ئوخشاشتۇر. ــ دېكارت
**“The reading of all good books is like conversation with the finest (people) of the past centuries.” – Descartes**

كىتاب ئوقۇش بىزگە يېڭى دوستلارنى ئاتا قىلىدۇ. ــ بالزاك
**“Reading brings us unknown friends” – Honoré de Balzac**

ئەگەر بىز پاراسەتسىز كىشىلەرنى ئۇچراتساق، ئۇنىڭدىن چوقۇم قايسى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىشىمىز كېرەك. ــ رالف ئېمىرسون
**“If we encounter a man of rare intellect, we should ask him what books he reads.” – Ralph Waldo Emerson**

ئەگەر بىز پاراسەتسىز كىشىلەرنى ئۇچراتساق، ئۇنىڭدىن چوقۇم قايسى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىشىمىز كېرەك. ــ رالف ئېمىرسون
**“If we encounter a man of rare intellect, we should ask him what books he reads.” – Ralph Waldo Emerson**

ئۆزۈڭ ئوقۇپ باقمىغان كىتابنى بالىلارغا بەرمەسلىكنى پرىنسىپ قىلىۋالغىن. ــ بېرند شاۋ
**“Make it a rule never to give a child a book you would not read yourself.” – George Bernard Shaw**

كىتاب ئوقۇش گۈزەل ھايات ئۆتكۈزۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىدۇر. ــ مورتىمېر ئادلېر
**“Reading is a basic tool in the living of a good life.” – Mortimer J. Adler**

كىتاب سەن قايتا-قايتا ئاچالايدىغان سوۋغاتتىن ئىبارەت. ــ گاررىسون كېيلور
**“A book is a gift you can open again and again.” – Garrison Keillor**

ماڭا كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەر بار ئائىلىنى كۆرسەتكىن، مەن ساڭا دۇنيانى يۆتكەيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىپ قويىمەن. ــ ناپالىئون بوناپارت
**“Show me a family of readers, and I will show you the people who move the world.” – Napoléon Bonaparte**

كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ھە! ــ رېينېر رىلكى
**“Ah, how good it is to be among people who are reading.” – Rainer Maria Rilke**

كىتابلار ئۆي جاھازىلىرى ئۈچۈن يېزىلمىغان، بىراق، ئۆينى كىتابتىنمۇ چىرايلىق بېزىيەلەيدىغان ھېچنەرسە يوق. ــ ھېنرىي ۋارد بىچىر
**“Books are not made for furniture, but there is nothing else that so beautifully furnishes a house.” – Henry Ward Beecher**

كىتاب كۆيدۈرۈشتىنمۇ ئېغىر جىنايەتلەر بار. شۇ جىنايەتلەردىن بىرى كىتاب ئوقۇماسلىقتۇر. ــ جوسىف برودسكىي
**“There are worse crimes than burning books. One of them is not reading them.” – Joseph Brodsky**
چاپاننىڭ كونىسىنى كىيىپ، كىتابنىڭ يېڭىسىنى سېتىۋال. ـ ئاستىن رېلپس
**“Wear the old coat and buy the new book.” – Austin Phelps**

ياخشى كىتاب ئوقۇمايدىغان كىشى ياخشى كىتابنى ئوقۇيالمايدىغان كىشىدىن ياخشىراق ئەمەس. ــ مارك تۋېن
**“The man who does not read good books is no better than the man who can’t.” – Mark Twain**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


گۆھەرئاي  مۇھەممەد قىزى قەمىردىنوۋا
1975 - 2001
11-سېنتەبىر تېرورلۇق ۋەقەسىنىڭ تۇنجى بىگۇناھ ئۇيغۇر
قۇربانى گۆھەرئاي  قەمىردىنوۋا.  ئەينى چاغدا ئۇ قوشماق
بىنانىڭ 86-قەۋىتىدە خىزمەتتە بولۇپ، 26 ياشتا ئىدى.
ۋاپاتىنىڭ 18-يىلىدا رەھمەتلەر تىلەپ ئەسلەيمىز.  ئورنى
جەننەتلەردە بولغاي !

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلاردىن ئۆز دۆلىتىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قۇرۇپ ئازاد قىلىش ئىرادىسى بولغانلار شۇ مەقسەتكە يېتىدۇ. بىز چوقۇم ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئەركىن ياشاپ، ئۆز ئۆيىمىزدە خاتىرجەم كۆز يۇمىمىز. بۇنىڭسىز ھاياتىمىزنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىششىمىز بىلەن دۇنيا تېخىمۇ ئازاد بولىدۇ، دۇنياغا تېخىمۇ گۈزەل نەرسىلەر قوشۇلىدۇ. بىزنىڭ بۈيۈك غەلىبىمىز بىلەن دۇنيا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن ھەر بىر تىرىشچانلىقىمىز دۇنياغا ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلار سۈپىتىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.